# جوڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني


يىللىق توپلام

1996

www.uyghurkitap.com

بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصيني

1

1996

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

6-[illegible]
2-سانلىق دائىمىي ھەي-
ئەتلەر يىغىنىغا قاتناشقان
دائىمىي ھەيئەتلەر پۈتۈن
ۋۇجۇدى بىلەن دوكلات
ئاڭلىماقتا.






جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
رەھبەرلىرى تۇنجى نۆۋەت-
لىك مەملىكەتلىك قىرائەت
مۇسابىقىسىدە نەتىجىگە ئې-
رىشكەن قارىيلار بىلەن
خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە
چۈشتى.




مەملىكەتلىك قىرائەت
مۇسابىقىسىدە ئەرلەر
گۇرۇپپىسى بويىچە بە-
رىنچىلىككە ئېرىشكەن
شىنجاڭلىق مۇھەممەت
توختى قارىي قىرائەت
قىلماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن تاللانما

بسم الله الرحمن الرحيم
إن الله يأمر بالعدل والإحسان
وإيتاء ذي القربى وينهى
عن الفحشاء والمنكر والبغي
يعظكم لعلكم تذكرون

”ئاللا ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش-ئەقرىبالارغا سىلە-رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز-ھەرىكەتلەر) دىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللا سىلەرگە پەند-نەسىھەت قىلىدۇ“ (16-سۈرە، 90-ئايەت).

(ھۆسىن خەتچى سالىھ)

# ھەدىس شەرىپتىن تاللانما

حب الوطن من الايمان

طلب العلم من المهد الى اللحد

- ۋەتەن سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر.
- ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەدىگىچە بولۇر.

(ھۆسن خەتچى سالىھ)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەد قاتارلىقلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىلىرى ... (5)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا نەشىر قىلىنىشىغا ئاساس بولغان ئىشلار (ئەسلىمە) ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (7)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا نەشىر قىلىنىشىغا قوشقان تۆھپىلىرىڭلار ئۈچۈن تەشەككۈر ...... ئابدۇللا داموللا ھاجىم، مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى (9)

ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا ئىمام-خاتىپلار سۆزلەيدۇ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (10)

چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك يىغىلىش ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى (13)

تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى ...... يۈسۈپ جەۋاد (15)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى ...... يۈسۈپ جەۋاد (17)

ئىسلام ئەقىدىلىرى

ھەج پائالىيىتى ...... ئابدۇرەشىت ئىنايەتۇللا داموللا ھاجى (19)

ئىسلام دىنى بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان دىن ...... خۇاڭ يىچۇەن (31)

شەرىئەت تەھلىللىرى

"ئىجتىھاد" ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل —شەرىئەت پەتۋالىرىنى تۇرغۇزۇش پرىنسىپلىرى ...... ئابدۇۋەھاب (33)

ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك نۇقتىئىنەزىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ...... جىڭ جىيەن (36)

مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-مال نۇقتىئىنەزىرى ...... ما چېڭئېن (39)

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رېشىت ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
ھۆسن خەتنى يازغۇچى: مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتا نومۇرى: 100053
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ پوچتا نومۇرى: 830001

主 办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主 编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提·瓦依提
技术编辑：阿布力孜·卡斯木
美 术 字：买买提·吐尔逊哈吉
封面设计：艾 力
激光照排：中国民族语文翻译中心
印 刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
(北京宣武区南横西街 103 号)
邮政编码：100053
新疆发行站：乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码：830001

## ۋەز

مۇسۇلمانلاردىكى ۋاپادارلىق ………… چېنى فالې (41)
مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم ………… دىڭ چېپىڭ ئاخۇن (45)
مۇسۇلمانلار قىماردىن يىراق بولۇشى كېرەك ………… جىيا شىپىڭ ئاخۇن (47)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى ………… مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى (49)

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

لۋيىدىكى دوستانە ئۇچرىشىش ………… ئابدۇرەھىم ئىمىن (51)
پاكىستان مۇسۇلمان ئالىملار ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى ………… مەھمۇدى (53)
2-نۆۋەتلىك ئالىي مۇكاپاتلىق خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسى قاھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى
………… ۋاڭ گىنمىڭ، ما جىنخەي (54)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى
………… ئىمادىددىن (55)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر، پاكىستاندىكى ئىسلام ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى تاللاپ
ئەۋەتتى ………… مەھمۇدى (55)
جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان ئىماملار كۇرسىغا بەش نەپەر
ئىمام ئەۋەتتى ………… ئىمادىددىن (50)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى
………… (56)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى يالقۇپ ھاجى (56)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ باي
بولۇش ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش-تەقدىرلەش نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزدى يالقۇپ ھاجى (57)
قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى ………… يالقۇپ ھاجى (57)

## خەۋەرلەر

دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى بېيجىڭدا تەسىس قىلىندى ………… زۇڭ ۋېن (58)
يەكەن ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭماقتا………… يالقۇپ ھاجى (59)
ئەنخۇي مۇسۇلمان يېمەكلىكلەر شىركىتى دېجۇ شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى………… مۇ جى (59)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى مۇناسىۋىتى
بىلەن سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى ………… مەھمۇدى (60)
قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى
ياخشى ئىشلەنمەكتە ………… يالقۇپ ھاجى (60)
ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ ………… ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (62)
ژۇرنىلىمىزغا ماقالە قوبۇل قىلىش ھەققىدە ………… ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (63)
ژۇرنىلىمىز ئىشتانچىلىرىغا تەشەككۈر ………… ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىناسى

**★ 3-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى ★**

ئىلگىرىكى ئۇتۇقلار ئاساسىدا يەنىمۇ
ئالغا باسايلى!

ئىسمائىل ئەھمەد.
1995-يىل 28-نويابىر

(دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ بېغىشلىمىسى)

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»
ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى
تەبرىكلەيمەن!

كەڭ كىتابخانلار ۋە مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىپ
تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەيلى!

سەيپىدىن ئەزىزى.
1992-يىل 12-ئاينىڭ 8-كۈنى.

(مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بېغىشلىمىسى)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
رەئىسى سالىھ ئەن شۇيى ئاخۇننىڭ بېغىشلىمىسى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمەن. ئىلگىرى بۇ ژۇرنال ناھايىتى ياخشى ئورۇق بولغان، ئۇنىڭدا دىنىمىز-نىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى مۇھىم ئەھۋاللار بايان قىلىنغان، نۇرغۇن ياخشى ماقالىلەر بېسىلغان بولۇپ، ئۇ، مۆمىنلەرنىڭ بىلىمىنى بېيىتقان، مۆمىنلەرنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈرگەن، ژۇرنالنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بارغانسېرى ياخشى چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لى دېجۇنىڭ بېغىشلىمىسى

سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ، ۋەتەننى ۋە دىنىنى سۆيۈپ، ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ، يۈكسىلىشكە تۆرتكە بولايلى!

گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېننىڭ بېغىشلىمىسى

ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر، دىنىنى سۆيىدىغانلىكى كىشى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋەتەننى سۆيۈپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە نىيەت قىلماي قالمايدۇ.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھېنەفى ۋەن ياۋبىڭنىڭ بېغىشلىمىسى

ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، مۆمىنلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئېچىپ، مىللىي مەدەنىيەتنى روناق تاپقۇزۇپ، ئىتتىپاقلىق-يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن

— «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمىز)

جۇڭگو ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى قارارىنىڭ روھىغا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن، ئالتە يىلدىن بېرى توختاپ قالغان «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسى سىزلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇيغۇرچىسى 1957-يىلى تەسىس قىلىنىپ، 11 سان چىققاندىن كېيىن، ئارىلىقتا توختاپ قېلىپ، 1983-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنە 26 سان چىققان ھەم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ۋە ژۇرنال زوقمەنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن، ئەمما 1990-يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ يەنە توختاپ قالغانىدى. 1993-يىلى 12-ئايدا ئېچىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى 6-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتكەندىن كېيىن، ئاللاتائالانىڭ ھىممىتى ھەم گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ۋە مەركەز ھەم شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ۋە شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىشى بىلەن 1996-يىلدىن باشلاپ قايتا ئەسلىگە كەلدى. بۇ، مۇسۇلمانلارنى، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش، شۇنداقلا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىردىنبىر مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى، ئىبلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ژۇرنىلى. بۇ ژۇرنالنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئېلىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىسلام دىنىي بىلىملىرى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتى بىلىملىرىنى تارقىتىش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ۋە تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق-پەزىلەت ئەنئەنىلىرىنى نامايان قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلار ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇش، بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزدىكى

مۇسۇلمانلار، ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى، مەسچىت-مەدرىسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھەم ھەرقايسى ساھەلەردە تۆھپە ياراتقان ۋە يارىتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ جۈملىدىن دىنىي زاتلارنىڭ نەمۇنىلىك ۋە ئىلغار ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇش، ئىسلام ئەللىرى ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان بېرىش-كېلىش پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلارنى توغرا يۆنىلىش ۋە بىلىمگە ئىگە قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقى ۋە يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئېلىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر." «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە، نادانلىققا قارشى تۇرۇشقا قايتا-قايتا رىغبەتلەندۈرگەن. شۇڭا، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆزىمىزنىڭ ئەقىل-ئىدراكىمىزنى ئېشقا سېلىپ، كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق كەڭ بىلىملەرگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. ژۇرنىلىمىز دەل مۇشۇ مەقسەتتە تىرىشىپ كەڭ مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆگىنىش، تەتقىقا[illegible]اتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەھرىر بۆلۈ[illegible]ر ھازىرقى ئادەم كۈچى ۋە ماددىي شارائىت ئاستىدا، بۇ ژۇرنالنى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇ ۋە تەلىپىگە، ژۇرنالنىڭ مەقستى ۋە ۋەزىپىسىگە ئۇيغۇن ھەم ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئۆگىنىش ۋە ئىلىم ئالماشتۇرۇش گۈلزارى قىلىپ چىقىشقا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ھەر مىللەت ئۆلىما-ئالىملىرى، ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى چىقىرىشقا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىشى ۋە ياردەم قىلىشىنى، ژۇرنىلىمىزغا قىزغىنلىق بىلەن ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ۋە ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ئۈچۈن ھەر دائىم تەنقىد ۋە تەكلىپلەرنى بېرىپ تۇرۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

▼ ( بېشى 9-بەتتە) ▼

سادايىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇ تىلچىمىزنى ئورتاق قوللىشىمىز، مەرىپەت بېغىمىزدىكى بۇ بىر تال قىزىلگۈلنى بىرلىكتە پەرۋىش قىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بۇ ژۇرنال جۇلالىق سەھىپىلەرگە، سەرخىل مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ھەقىقىي تۈردە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار ئامىمىسىنى تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈككە، ئىلىم-مەرىپەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان مەنبەگە، شۇنداقلا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدىكى ئايرىلماس ھەمراھى، مەسلەكدىشى ھەم يېتەكچىسىگە ئايلىنىدۇ.

پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، بىز كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدۇق، نۆۋەتتە يېڭى ئەسىر—21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا تۇرۇپتىمىز، بۇ تارىخىي شارائىتتا، چوقۇم پەن-مەرىپەت ئىگىلەپ، يېڭىچە بىلىملەر بىلەن قوراللىنىپ، يېڭىچە قىياپەت، غەيرەت-شىجائەت ۋە روھ بىلەن يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنەيلى.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەيمىز!

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

ئابدۇللا داموللا ھاجىم، مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يەنە بىر نامايەندىسى. ئۇيغۇرچىنى چۈشىنىدىغان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. بۇ ژۇرنال ئىلگىرى شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شۇنداقلا كەڭ مۇسۇلمانلار بۇ ژۇرنالنىڭ قايتا چىقىشىغا تەشنا بولۇپ كەلگەنىدى. شۇڭا، بىز بۇ ژۇرنالنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە-ئەھكاملىرىنى، تارىخىنى ۋە بۈگۈنىنى تونۇشتۇرۇش، ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ھەمدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر بايانلار ۋە تەتقىقات ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشىنى خەۋەر قىلىش، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىلغارلار، نەمۇنىچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، شۇنىڭدەك ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى بىلەن دوستانە بېرىش-كېلىش قىلىشى، ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇھىم خەۋەرلەرنى بېرىشتىن ئىبارەت.

"ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر." ئىسلام دىنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ ئېتىبار بېرىدىغان دىندۇر، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشكە، نادانلىققا قارشى تۇرۇشقا قايتا-قايتا رىغبەتلەندۈرگەن. بىز كەڭ مۇسۇلمانلار ئەقىل-ئىدراكىمىزنى ئىشقا سېلىپ، مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىپ ۋە پىكىر يۈرگۈزۈپ، كەڭ بىلىمگە ئىگە بولۇشىمىز، مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تىرەن ھېكمەتلەرگە تولغان سەھىپىلىرى ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇشىمىز لازىم.

ژۇرنال چىقارماق ئېيتماققا ئاسان، قىلماققا تولىمۇ تەس ئىش، ژۇرنالنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن تۈز-تۆپە، ئەگرى-توقايلىق، تىكەنلىك-گۈلزارلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇ ژۇرنال ئوقۇرمەنلەرگە—كەڭ مۇسۇلمانلار ۋە بىز دىنىي زاتلارغا تايىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كەڭ مۇسۇلمان ئوقۇرمەنلەر پائال مۇشتەرى بولۇشىمىز، ماقالە ئەۋەتىپ تۇرۇشىمىز، بىزنىڭ يۈرەك

(داۋامى 8-بەتتە)

# ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغى ئاستىدا داۋاملىق ئالغا باسايلى

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

1994-يىل 8-ئاينىڭ 23-كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسىنى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»نى چۈشۈردى. ئۇقتۇرۇشتا پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى "يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش"، "جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىش"قا چاقىردى. 1995-يىل 11-ئايدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ‹ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى›نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ماقۇللاپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش» چۈشكەندىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلار پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەرقايسى سەپلەردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلماقتا.

بىزگە مەلۇمكى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن تارتىپلا جۇڭگو خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ تۇغى، ئېلىمىزنىڭ جەمئىيەت تارىخىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان غايەت زور كۈچ، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ كەلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش مىللىي روھنى جانلاندۇرۇشتا، مىللەت ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز ھەر مىللەت ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى ئىشلەش خىزمىتىنى ئۆز جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرى (كۇرسلىرى) ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ئۆز جايىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھازىر بار بازىلىرى، تەشۋىقات مۇئەسسەسەلىرى ۋە مەدەنىي يادىكارلىق-ئاسارئەتىقىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىق-تەربىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، ئىسلام دىنى جەھەتتىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىي تەزكىرىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارنى ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشىغا ھەسسە قوشۇشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭگو

مۇسۇلمانلىرى ۋەتەننى سۆيۈشتەك شانلىق ئەنئەنىگە باي. بۇنىڭدىن 1300 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ۋەتەننى سۆيۈش ئىمان جۈملىسىدىندۇر» دېگەنىدى. بۇ ھەدىس شەرىپ قەدىمدىن تارتىپ تارقىلىپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇسۇلمانلارنى ۋەتەننى قوغداش، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا تەربىيىلەپ ۋە مەدەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە. مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمانلىرى قەدىمدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىكى، بىر پۈتۈنلۈكى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، روناق تېپىشى ۋە ئىگىلىكنىڭ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىپ كەلدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت خەلقىگە زۇلۇم سالغان، ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن ۋەتەننى ساتقاندا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى، زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي دولقۇن قوزغىغان، ئېلىمىزدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارمۇ بۇ كۈرەشكە ئاكتىپ قاتنىشىپ، تارىخ بېتىگە شانلىق سەھىپىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان؛ يۈننەندىن تارتىپ تا شىنجاڭغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا، چىڭ خاندانلىقىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى، مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىم مۇسۇلمانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن، تارىخنىڭ تاشقىنىدا، نەچچە يۈز مىڭلىغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىسسىق قانلىرى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بىللە ئېقىپ، دېموكراتىك، تەرەققىيپەرۋەر يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشىگە پىداكارلىق كۆرسىتىپ تۆھپە قوشقان.

ئىسلام دىنىمىز مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىرقىي كەمسىتىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزىنى نېگىر بىلال ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادا يەنە مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي كەمسىتىش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، بىز سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئالاھىدە ھېس قىلماقتىمىز. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر باراۋەرلىكى-ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەتلىرى ھۆرمەتلەندى ۋە قوغدالدى. مىللىي كەمسىتىش ۋە دىنىي كەمسىتىش مەنئى قىلىندى. 50-يىللاردا، ئېلىمىزدە شىنجاڭ ۋە نىڭشيادا ئىككى مىللىي ئاپتونوم رايون قۇرۇلدى. 1-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1226 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىلى 41 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 3.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ھالبۇكى، ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ ئاران 1.33 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى. 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2977 نەپەر ۋەكىلى ئىچىدە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەكىلى 101 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ تەخمىنەن 3.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى تولۇق يولغا قويۇلدى.

ھۆكۈمىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ھۆكۈمەت پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدايدۇ دەپ بەلگىلەنگەن، مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كەلمەكتە. ھازىر پۈتۈن مەملىكىتىمىزدە چوڭ-كىچىك 30 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت، 40 مىڭدەك ئاخۇن، 300دىن ئارتۇق ئۆلىمالىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم

رايونلۇق، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، توققۇز ئىسلام ئىنستىتۇتى بار، مۇسۇلمان ياشلىرىدىن نەچچە يۈزى چەت ئەللەردىكى دىنىي ئىنستىتۇتلاردا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرى ھەر يىلى دىنىي ساھەدىكى زاتلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ، كومپارتىيىنىڭ دىنىي ساھەدىكىلەر بىلەن ”سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ-ھەمكارلىشىپ، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ“ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. نۇرغۇنلىغان مويسىپىت ئاخۇنلار، ھازىر ئىسلام دىنىمىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېيىشمەكتە.

بىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشىغا كۆپرەك تۆھپە قوشۇشنى ئويلايمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈر بىلىملەرنى ئىگىلىشىمىز كېرەك. ئىسلام دىنىمىز بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ. مەسىلەن، شېھىتلەر ئىسلامدا ھۆرمەتلىنىدۇ، لېكىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”ئالىملارنىڭ سىياھى شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قېنىدىنمۇ ئەزىز بولىدۇ“ دېگەنىدى. ئۇ يەنە: ”ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار“ دېگەن. تارىختا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەجدادلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، ئوتتۇرا ئەسىردە شانلىق ئىسلام ئىلىم-پەنلىرى ۋە مەدەنىيىتىنى ياراتقان، ئىبنى سىنا ۋەكىللىكىدىكى دۇنياغا مەشھۇر دانىشمەنلەر ۋە ئالىملار ئۆتكەنىدى. ئەمما كېيىنكى چاغلاردا ئارقىدا قالغان. بىزنىڭ جۇڭگودىمۇ شۇنداق بولغان. يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە نۇرغۇنلىغان مۇسۇلمان ئالىملار، شائىرلار، سىياسىيونلار ئۆتكەن، ئەمما، كېيىنكى چاغلاردا بىزمۇ ئارقىدا قالدۇق، بىلىمنىڭ كەمچىل بولۇشى بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇن قېرىنداشلىرىمىزنى ئارقىدا قالدۇردى. مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە بىلىملىك زاتلار، بۈگۈنكى ۋەزىيەت ئاستىدا، تىرىشىپ ئۆگىنىش، ئاكتىپ تۈردە تۆھپە قوشۇشنىڭ ۋەتەننى سۆيگەنلىك، دىنىنى سۆيگەنلىكنىڭ ئىپادىسى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. شۇڭا ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، مائارىپنى ۋە ئىگىلىك ئىشلىرىنى تىرىشىپ جانلاندۇرماقتا. بۈگۈنكىدەك ۋەتىنىمىز ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا، تېخىمۇ كۆپ مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ھەدىس شەرىپ بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز ئۆستۈرۈپ، مىللىتىمىزنى جۇڭخۇا مىللەتلىرى قاتارىدا تۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ، ئۆز بىلىمى ئارقىلىق ۋەتەنگە خىزمەت كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز ئىسلام دىنىنىڭ ”ئىككى ئالەملىك بەرىكەت ئىزدەش“ دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى بويىچە ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئىزدىنىشتە تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىمىز لازىم.

جۇڭگو ئىسلام تارىخىنى ئەسلەپ كۆرسەك، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ھەرقايسى جەھەتلەردە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان، ھازىرقى كۈندە، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئىسلام كىتابلىرىدىكى تەلىماتلارغا ئەمەل قىلىپ، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا نى-نى ئىشلارنى قىلالايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز 17 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئىسلام دىنىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىنىنى سۆيۈش دېگەن شانلىق ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتەننىڭ ئۇلۇغۋار زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىدا تىرىشىپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# چوڭقۇر ئەھمىيەتلىك يىغىلىق

## ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق (95-يىللىق) مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 1995-يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. مەملىكەت كۆلەملىك بۇ قىرائەت مۇسابىقىسى جۇڭگو ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم بولۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ۋە خەلقئارادا خېلى زور ۋە چوڭقۇر تەسىر قوزغىدى.

بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسى پائالىيىتى باشتىن ئاخىر گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئالقىشى ۋە ياخشى باھاسىغا مۇيەسسەر بولۇپ، قىرائەتچىلەرنىڭ كاتتا يىغىلىشى بولدى، دەپ ماختالدى.

«قۇرئان كەرىم» ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ نوپۇزلۇق كىتابى، شۇنداقلا، ئىسلام ئەقىدىلىرى، فىقھە، ئەخلاق-پەزىلەت قائىدىلىرى ۋە پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ مەنبەسى بولغاچقا، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىدۇ، قىرائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ. "قۇرئان" دېگەن سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى "قىرائەت قىلماق" بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە: "قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن" (73-سۈرە 4-ئايەت) دېيىلگەن. شۇڭا، مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بېرى «قۇرئان كەرىم» قەيەرگە يەتسە، شۇ يەردە مۇسۇلمانلارنىڭ جاراڭلىق قىرائەت ساداسى ياڭراپ كەلدى. فىقھەدە بەلگىلىنىشىچە، «قۇرئان كەرىم»نى ئىلمىي تەجۋىد مىزانى بويىچە توغرا قىرائەت قىلىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر خىل دىنىي ئىبادەت، تەقۋادارلىقنىڭ گەۋدىلىنىشى ۋە ئېسىل ساۋابەت. ھالبۇكى، قىرائەت مىزانى (تەجۋىد) ۋە ئۇسۇلى ھەققىدىكى نەزەرىيە ئاللىبۇرۇنلا مەخسۇس ئىلىم، بىر خىل قېلىپلاشقان قىرائەت ماھارىتى بولۇپ شەكىللەنگەن. قىرائەتكە ئۇستا ۋە ئۇنىڭ مىزانىنى مۇكەممەل بىلگۈچىلەر بولسا "قارىي" دەپ ئاتىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىززەت-ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىلمىي تەجۋىدنى ۋە تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، كېڭەيتىش ۋە پەيدىنپەي ئومۇملاشتۇرۇش، مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ھەم دىنىي ئىشلىرىمىزنى ياخشى بېجىرگىلى، ھەم خەلقئارادىكى مۇشۇ خىلدىكى مۇسابىقىلەر بىلەن بىرلىككە كەلگىلى، ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىدىكى بىرمۇنچە ئەللەر خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى مەخسۇس قىرائەت مەكتەپلىرىنى ياكى تەتقىقات ئورگانلىرىنىمۇ تەسىس قىلدى، بەزىلىرى قىرائەت تەشكىلاتلىرى تەسىس قىلىپ، دائىم چەت ئەللەرگە ئادەم ئەۋەتىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇۋاتىدۇ ياكى ئوقۇتۇۋاتىدۇ. يېقىنقى نەچچە يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئې-

چۈشتش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە راۋاج تېپىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزمۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ بىرقانچە تۈركۈم قارىيلارنى چەت ئەللەرگە مۇسابىقىغە قاتنىشىشقا ئەۋەتتى، مىسىر، لىۋىيە، ئىران قاتارلىق ئەللەرنىڭ قارىيلىرىمۇ مەملىكىتىمىزگە كېلىپ قىرائەت قىلىش زىيارىتىدە بولدى، بۇ ئارقىلىق ھەم نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتتۇق، ھەم ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قىرائەت قىلىش سەۋىيىمىزنى ئۆستۈردۇق.

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى پائالىيىتىدە، ھەرقايسى جايلاردىكى ئۇستا قىرائەتچىلەر، مۇسابىقە كۆرگۈچىلەر ۋە قىرائەت ماھارىتى ھەۋەسكارلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، بىرلىكتە يۈكسىلىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر ئىش شۇكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىغە قاتناشقان قىرائەتچىلەر، ياش جەھەتتىن ئالغاندا، ئەڭ چوڭى 46 ياش، ئەڭ كىچىكى 18 ياش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياش-ئوتتۇرا ياشلىقلار قاتارىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ زوركۆپچىلىكى ۋەزىپىدىكى ئاخۇنلار ۋە تالىپلار؛ رايون ئايرىمىسىدىن قارىغاندا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن؛ ئومۇمىي سەۋىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەجۋىد بويىچە خېلى توغرا، پىششىق قىرائەت قىلالايدۇ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىرنەچچەيلەننىڭ قىرائىتى خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلاردىن توققۇز نەپەر قىرائەتچى پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» نى يادقا بىلىدۇ. بۇ ئەھۋاللار، يېقىنقى يىللاردىن بېرى پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسىتى داۋاملىق ئىزچىل ئەمەلىيلەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىي خادىملىرى كەملىك قىلىۋاتقان ھالەتنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە يەڭگىللەشكەنلىكىنى، يېڭى بىر ئەۋلاد ياش-ئوتتۇرا ياش دىنىي خادىملار قوشۇنىنىڭ ساغلام ئۆسۈۋاتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسى پائالىيىتى جەزمەن مۇشۇ جەھەتتىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش، تاللاش ۋە يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق، مەملىكىتىمىزدىكىلەرنىڭ قىرائەت سەۋىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە مەدەت بولىدۇ، شۇنداقلا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مەملىكىتىمىزنى خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر قىرائەتچىلەرنى زاپاس قىلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى مەملىكىتىمىزگە تارقالغان 1300 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى، مىللىي، تارىخى، جۇغراپىيىۋى قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن «قۇرئان كەرىم» نى قىرائەت قىلىش جەھەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئاھاڭ ۋە ئۇسلۇبلار شەكىللەندى، يەنە كېلىپ بۇنداق ھالەتلەر شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشتا، ھەرگىز مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئادەت بولۇپ قالغان ھەر خىل قىرائەت ئۇسۇللىرى ۋە ئاھاڭلىرىنى ئىنكار قىلىش ۋە چەتكە قېقىشنى مەقسەت قىلمايدۇ، مەملىكەت بويىچە قىرائەت ئاھاڭىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش نىيىتىدىمۇ ئەمەس. پەقەتلا مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنى تەجۋىد بويىچە تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ توغرا قىرائەت قىلىش، قىرائەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىسلامىيەت ئىشلىرىمىزنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(داۋامى 16-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق (95-يىللىق) مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 3-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، زاڭزۇ، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 34 نەپەر قىرائەتچى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ نەپەر ئايال قىرائەتچى بار) مۇسابىقىغە چۈشتى. بۇ نۆۋەتلىك مۇسابىقىنىڭ باھالاش ھەيئىتى ئىلمى تەجۋىد ۋە قىرائەت مىزانىدىن تولۇق خەۋەردار مۇتەخەسسىس، ئۆلىما ۋە مەشھۇر ئاخۇنلاردىن تەركىب تاپتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۈبې ئاخۇن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى بولدى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ياڭ تۇڭشياڭ، ليۇ شۇشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ، شەھەرلىك ئىسلام ئىنستىتۇتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان مۇسۇلمان ۋەكىللەر، ھەيئەتلەر ھەمدە سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، ئىران، سۇدان، ئومان، بەھرەين، مالايشىيا، ھىندونېزىيە قاتارلىق 11 ئىسلام مەملىكىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق 15 نەپەر ئەلچىسى تەكلىپكە بىنائەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە ۋە يېپىلىش مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلدى.

يېپىلىش مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۈبې ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نۇئمان ما شيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەت سالىھ، مۇھەممەت سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار ئىشتىراك ۋە رىياسەتچىلىك قىلدى.

3-ئاينىڭ 15-كۈنى ھەرقايسى جايلاردىن مەخسۇس بۇ نۆۋەتتىكى مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەنلەر ۋە تەكلىپكە بىنائەن قىرائەتنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسىنى ئاڭلاشقا ۋە يېپىلىش مۇراسىمغا قاتنىششقا كەلگەن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ھەم بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى بولۇپ 300 دىن ئارتۇق ئادەم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىغا جەم بولۇپ، قارىيلارنىڭ تۈرلۈك قىرائەت ئاھاڭلىرىدا قىلغان يېقىملىق قىرائەتلىرىنى ئاڭلىدى. ئالدىنقى ئىككى كۈنلۈك سۈرلۈك، جىددىي، ئەستايىدىل، كەسكىن مۇسابىقە ئارقىلىق، بەش نەپەر ئەر قىرائەتچى، ئىككى نەپەر ئايال قىرائەتچى تاللىنىپ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىغە ئۆتكەنىدى. باھالاش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ ئەستايىدىل نومۇر قويۇپ باھالىشى بىلەن ئاخىردا، ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن شىنجاڭ قىرائەتچىسى مۇھەممەت توختى قارىي بىرىنچىلىكنى، چىڭخەي قىرائەتچىسى ما ۋېنجۇن ئىككىنچىلىكنى، شىنجاڭ قىرائەتچىسى ما يۈن ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ئىچكى موڭغۇل قىرائەتچىسى كاڭ

مىگچىلىك بىرىنچىلىكنى، گەنسۇ قىرائەتچىسى ما دۇگمېي ئىككىنچىلىكنى ئالدى.

يېپىلىش مۇراسىمىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇۋېي ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىگلار سۆز قىلدى ھەمدە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى قىرائەتچىلەرگە مۇكاپات لوگقىسى، مۇكاپات سومىمىسى ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.

شۇنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىزكى، بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسى تۇرتكىسىدە، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر قارىيلار ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلىدىغان ھاپىزلار مەيدانغا كەلگۇسى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «قۇرئان كەرىم»نى تەجۋىدلىك قىرائەت قىلىشنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇنداقلا، بۇنىڭدىن كېيىن خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىگە قاتناشتۇرۇشقا تاللايدىغان قارىيلارنى زاپاسلاپ بەردى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە پائالىيىتى مەملىكىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا خېلى زور تەسىر قوزغاپ، ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھاغا ئېرىشتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، «خەلق گېزىتى» (چەت ئەل نۇسخىسى)، شياڭگاڭدا چىقىدىغان «ئايدىڭ گېزىتى»، ئەنگلىيىنىڭ رېتىر ئاگېنتلىقى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ مۇسابىقىنىڭ خەۋىرىنى بەردى.

قىرائەت مۇسابىقىسى يېپىلغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بارلىق مۇسابىقە قاتناشچىلىرىنى ۋە مۇسابىقە كۆرۈشكە كەلگەن مېھمانلارنى زىيارەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.

تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بۇ قېتىمقى قىرائەت مۇسابىقىسى ئىسلام دىنىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرمۇنچە دىنىي قېرىنداشلار ۋە كارخانىلارنىڭ ئىئانىسىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار ئىچكى موڭغۇل "لۇبياۋ" سوغۇق ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلەر شىركىتى، ئىچكى موڭغۇل "لۈيخەي" مېھمانخانىسى، گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ ئايىشە مۇسۇلمانلار كىيىم-كېچەكلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ۋە گەنسۇدىن مىن شىگگۇاڭ ھاجى، ئىچكى موڭغۇلدىن كاڭ مىڭجې ھاجى، يۈننەندىن ما ۋېيشىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىدىن جاڭ ۋىندى، گەنسۇدىن ما خۇايۈي قاتارلىقلار بولۇپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارغا چەكسىز تەشەككۈر بىلدۈردى. (يۈسۈف جەۋاد)

(بېشى 14-بەتتە)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ئىشلار، مائارىپ، دىنىي كىتاب-ژۇرناللارنى نەشر قىلىش، ئىلىم-مەدەنىيەت تەتقىقاتى، چەت ئەللەر بىلەن دوستانە باردى-كەلدى قىلىش ۋە ئىگىلىكنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەت ۋەزىپىسى كۆپرەك ۋە خېلى ئېغىر، شۇنداق بولسىمۇ، بۇ خىزمەتلەرنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇپ، تىرىشىپ ياخشى ئىشلەيمىز، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى لاۋازىمات قىلىمىز، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى لاۋازىمات قىلىمىز. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، جەمئىيىتىمىز ئەھۋالغا قاراپ ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسى، ھۆسن خەت مۇسابىقىسى، ئىسلام ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى، مائارىپ جەھەتتە ئوقۇتۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى، مۇسۇلمانلار ئىگىلىكى مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرماقچى. ئىسلامىيەت ئىشلىرىمىزنى بىرلىكتە ياخشى بېجىرىش ئۈچۈن جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام ئىنىستىتۇتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىل-مەسلىھەتلەرنى بېرىپ، بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 1995-يىل 10-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 11-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە بېيجىڭدا چاقىرىلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋە جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق دائىمىي ھەيئەتلەردىن 45 كىشى يىغىنغا قاتناشتى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا كەلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىرقىسىم ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۆلۈم، ئىشخانىلىرىنىڭ، جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 21 ئادەم يىغىنغا چەتتىن قاتناشتى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇبىي ئاخۇن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى، مۇئاۋىن رەئىس نۇئمان ما شيەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەتلەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭنىڭ «خىزمەت دوكلاتى»نى، مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجىنىڭ «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ‹ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى›نى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكرى»نى، مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەت سەئىد ما يۈنفۇنىڭ «ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى قامداش خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ۋە مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇرەھىم ئىمىنىنىڭ «ھەج خىزمىتىنى ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئاڭلاپ ئۆتتى. يىغىن مەزگىلىدە دائىمىي ھەيئەتلەر ئېچىلىپ-يېيىلىپ سۆزلەپ، ئۆز پىكىر-قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق يىغىن ھۆججەتلىرى ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرە ئېلىپ باردى، بىرمۇنچە قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى ھەمدە «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقىپ، بىردەك ماقۇللىدى. يىغىنغا قاتناشقان دائىمىي ھەيئەتلەر پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك كومىتېتى 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈشنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى توغرىسىدىكى «قارار»نى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىقىي تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى يەنە بىر قەدەم كۈچەيتىپ، ۋەتەن بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ئاسراش ئۈچۈن، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە ئىسلام دىنى خىزمىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى مەزگىلىدە يەنە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى، ما سۇڭتىڭ، لىيۇ پىنيى ئاخۇنلارنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم باستۇرغان كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ

نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىغا گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، شەھەرلىك ئىسلام ئىنىستىتۇتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار-نىڭ مەسئۇللىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق دائىمىي ھەيئەتلەر، ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ پېشقەدەم رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان كونا، يېڭى مەكتەپداشلار، ئىنىستىتۇتتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىش-چى-خىزمەتچىلەر بولۇپ، 200 گە يېقىن ئادەم قاتناشتى. تەبرىكلەش يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇدىر سالىھ ئەن شۈيې ئاخۇن تەبرىك سۆزى سۆزلىدى، مۇئاۋىن مۇدىر خالىد ياڭ زۇڭشەن «جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ 40 يىللىق خىزمىتىدىن ئەسلىمە» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ 40 يىلدىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ھەرقايسى سەپلەردە خىزمەت ئىشلەۋاتقان كونا-يېڭى مەكتەپداشلار ۋەكىللىرى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، پروفېسسور لى خۇايىڭ قاتارلىقلار سۆزگە چىقتى، سەنشى، خېبېي، ئەنخۇي، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئىسلام جەمئىيىتى ۋە مەكتەپداشلار يىغىنىغا تەبرىك سوۋغىتى تەقدىم قىلدى.

ما سۇڭتىڭ، ليۇ پىنيى ئاخۇنلار تۇغۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، رەئىس سالىھ ئەن شۈيې ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىس، نۇئمان ما شيەنلەر سۆز قىلىپ، ئىككى نەپەر پېشقەدەمنىڭ ئىش ئىزلىرى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا قوشقان زور تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئىككى پېشقەدەمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوستى، شاگىرتى ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ سۆزگە چىقىپ، ئىككى پېشقەدەمنىڭ ئۆچمەس تۆھپىلىرى ۋە يۈكسەك پەزىلىتىنى ئەسلەپ ئۆتتى. جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، بېيجىڭ شەھىرى، خېبېي ئۆلكىسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 6-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق دائىمىي ھەيئەتلەر بولۇپ، 200گە يېقىن ئادەم خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتناشتى. (يۈسۈپ جەۋاد)

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى

**شەمشىدىن ھاجى، رىشت ۋاھىدى ۋە قەيسەر قۇربانلار ئىشلىدى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھەج پائالىيىتى

ئابدۇرېشىت ئەنەيتۇللا داموللا ھاجى

ھەج، لۇغەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا، مەقسەت قىلىش، ئىنتىلىش، يۈزلىنىش، بىر نىشانغا مەقسەتلىك يېرىلىشنى بىلدۈرىدۇ.

شەرىئەت بويىچە ئېيتقاندا، تولۇپ تاشقان ئىرادە بىلەن مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ، بەيتۇللا ھەرەمنى تاۋاپ قىلىش، سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلىش، ئەرەفاتتا تۇرۇش ۋە ھەج پائالىيىتىنى پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆرسىتىپ بەرگەن قائىدە بويىچە ئادا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ھەج ئىسلام دىنىدىكى بەش ئاساسىي پەرزنىڭ بەشىنچىسى، ئاللاتائالا ھەجنى ھىجرىيىنىڭ 9-يىلىدا پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بەندىلىرىگە ئېنىق پەرز قىلىپ بېكىتتى. «قۇرئان كەرىم» دىكى ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 97-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ”قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللا ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللا ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر.“

ھەجنىڭ مۇسۇلمانلارغا پەرز بولۇشى «قۇرئان كەرىم» دە بىرقانچە ئورۇندا ئېنىق ئېيتىلغان، شۇنداقلا ھەدىس كىتابلاردا بولسۇن ۋە ياكى ھەرقانداق فىقھى كىتابتا بولسۇن، ئۇنىڭ پەرز بولغانلىقىدا شەك يوق، بۇ جەھەتتە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك.

## ھەجنىڭ پەرز بولۇشىدا بىرقانچە شەرت بولىدۇ:

1. مۇسۇلمانلارغا، 2. بالاغەتكە يەتكەن كىشىگە، 3. ئەقلى ھوشى جايىدا بولغان كىشىگە، 4. ئەركىن ھوقۇققا ئىگە بولغان كىشىگە، 5. ئىقتىسادىي، جىسمانىي قۇدرىتى يەتكەن ھەمدە سەپەر ئۈچۈن تەييارلانغان ئىقتىسادىي پۇلى ھالالدىن بولغان كىشىگە ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج تاۋاپ قىلىش شەرت.
ھەج پائالىيىتى بىر مۇرەككەپ دىنىي پائالىيەت بولۇپ، ئۇ، ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئېسىلى. ئاللاغا ئىخلاسمەن بولۇپ، ئاخىرەتنى ئويلاپ، ئاللا يولىدا چىڭ تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئەگىشىپ، ساپ نىيەت بىلەن ھەج قىلىنسا، ھەج قوبۇل بولىدۇ، ئىنشائاللا. ئەگەر، بۇ دۇنيادا نام ئېلىش، ئابروي قازىنىش، شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن ھەج قىلىنسا، قىلغان ھەجى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەجنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى تولۇق ئادا قىلىنمىسا، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ قىلغان ھەج ئاخىر بىكار بولىدۇ. تۆۋەندە مەن ھەج پائالىيىتىنى ھەنەفى مەزھەپ كۆز قارىشىدىكى تەرتىپ بويىچە بايان قىلماقچىمەن.

## بىرىنچى، ھەجنىڭ تۈرلىرى

ھەج خاراكتېر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆمرە ۋە ھەجدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۆمرە بولسا، كىچىك ھەج، قوشۇمچە ھەج دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ بەلگىلىك ھەج كۈنلىرىدىن باشقا كۈنلەردە، مەككىدىكى بەيتۇللا ھەرەمدە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە پائالىيەت.

ھەج يەنە، ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلى، ئېھرامغا كىرىش قائىدىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1. ھەج ئىفراد (يەككە ھەج):** ھەج كۈنلىرى بەك يېقىن كېلىپ قېلىپ، ئۆمرىدىن كېيىن ھەج قىلىشقا ئۈلگۈرۈش مۇمكىن بولماي قالغاندا، ھەج ئىفراد قىلىنىدۇ. بۇ—رەسمىي ئادا قىلىنىدىغان ھەج بولۇپ، ھەج قىلغۇچى پەقەتلا پەرزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن نىيەت قىلىدۇ ۋە ھەجنىڭ نىيىتى بىلەنلا ئېھرامغا كىرىدۇ. يەنى "لەببەيكە بىھەججە" ياكى "ئاللاھۇممە ئىننى ئۇرىدۇلھەججە فەيەسسىرھۇلى ۋە تەقەببەلھۇمىنى" دەپ نىيەت قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن "لەببەيكە"نى كۆپ تەكرارلايدۇ. مەككە مۇكەررەمگە كىرگىنىدە، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ، ئاندىن سەفا—مەرۋەدە سەئيە قىلىپ، چاچ قىرقىماي، شۇ ئىھرام بىلەن زۇلھەججىنىڭ 8—كۈنى مىناغا چىقىپ، قالغان ھەج پائالىيەتلىرىنى ئورۇندايدۇ.

**2. ھەج تەمەتتۇئ (بەھرىمەن ھەج):** ھەج تەمەتتۇئ بولسا، مىقاتتا ئىھرام باغلىغاندا، پەقەتلا ئۆمرە قىلىشنى نىيەت قىلىپ، مەككە مۇكەررەمگە كىرگەندە ئۆمرە پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىپ، سەئيە سەفادىن كېيىن چاچ قىرقىپ، ئىھرامدىن چىقىشنى كۆرسىتىدۇ. ئىھرامدىن چىققاندىن كېيىن، زۇلھەججىنىڭ 8—كۈنىگىچە مەككىدە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرسا بولىدۇ.

زۇلھەججىنىڭ 8—كۈنى، ئۆزى تۇرغان ياتاقتىنلا ھەج ئۈچۈن نىيەت قىلىپ چىقىپ، ئىھرامغا كىرىپ، مىناغا چىقىپ ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلىدۇ. ھەج تەمەتتۇئ ھەج ئىفرادتىن ئەۋزەل بولۇپ، بۇ خىل ھەجدە قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بۇ "دەم شۈكۈرى" دېيىلىدۇ. بۇ خىل ھەج باشقا دۆلەتتىن بارغان ھاجىلارغا بەكمۇ باپ كېلىدۇ. شۇڭا جۇڭگودىن بارغان ھاجىلار ھەج تەمەتتۇئ قىلسا بولىدۇ.

**3. ھەج قىران (ئۇلانما ھەج):** ھەج قىراندا پەرز ھەج بىلەن ئۆمرە ئۇلاپ ئادا قىلىنىدۇ. شۇڭا نىيەت قىلغاندا، پەرز ھەج بىلەن ئۆمرىنى بىرلىكتە نىيەت قىلىپ، ئىھرام باغلايدىغان چاغدا "ئاللاھۇممە ئىننى ئۇرىدۇلھەججە ۋەلئۆمرە" دەپ نىيەت قىلىنىدۇ، "لەببەيكە"نى كۆپ تەكرارلايدۇ. مەككە مۇكەررەمگە بارغاندا، ئالدى بىلەن ئۆمرە پائالىيەتلىرى تامام قىلىنىدۇ. لېكىن چاچ—ساقال ئېلىنمايدۇ ۋە ياتاقتا تۇرۇپ، زۇلھەججىنىڭ 8—كۈنى كەلگەندە، شۇ ئىھرام بىلەن مىناغا چىقىدۇ. مىنادا، ئەرەفاتتا، مۇزدەلىفەدە ئۆتەيدىغان ھەجنىڭ پائالىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولۇپ، ئىھرامدىن چىقىدۇ. روسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىران ھەج قىلغان، شۇڭا بۇ ئۈچ خىل ھەج تۈرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر.

## ئىككىنچى، ھەجنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلىرى

**1. ھەجنىڭ پەرزلىرى:** 1) ئېھرام باغلىماق (ئېھرامغا كىرمەك)؛ 2) ئەرەفات مەيدانىدا تۇرماق (زۇلھەججىنىڭ 9—كۈنى)؛ 3) ئەرەفاتتىن كېيىن، ھېيت كۈنلىرى پەرز تاۋاپ قىلماق (تاۋاپ زىيارەتمۇ دېيىلىدۇ).

**2. ھەجنىڭ ۋاجىپلىرى:** 1) مىقاتتىن ئېھرامغا كىرمەك؛ 2) شەيتانغا تاش ئاتماق؛ 3) چاچ قىرقىپ ئېھرامدىن چىقماق؛ 4) تەمەتتۇئ، قىران ھەج قىلغانلار قۇربانلىق قىلماق (يەنە دەم شۈكۈرىمۇ دېيىلىدۇ)؛ 5) تەمەتتۇئ، قىران ھەج قىلغانلار تەرتىپ بىلەن ھەج قىلماق. مەسىلەن، ھېيت كۈنى ئالدى بىلەن شەيتانغا تاش ئېتىپ، ئاندىن زەبھە قىلىش (دەم شۈكۈرى قىلىش)، ئاخىردا چاچ قىرقىپ ئېھرامدىن چىقىش؛ 6) زۇلھەججىنىڭ 10—كۈنى، يەنى ئەرەفاتتىن چۈشۈپ، مۇزدەلىفەدە شام بىلەن خۇپتەننى قەسىر قىلىپ ئوقۇپ بولۇپ، ئەتىسى بامدات نامازغا ئۈلگۈرۈپ مىناغا كېلىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، ھەجنىڭ پەرزى تەرك ئېتىلسە، ھەج دۇرۇس بولمايدۇ. [illegible] تەرك ئېتىلسە، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قوي (دەم جىنايەت) سويسا بولىدۇ. سۈننەت تەرك ئېتىلسە سە[illegible] بەرسە بولىدۇ، بەزىسىنىڭ ئورنىغا توۋا-ئىستىغپار ئېيتسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

ئۆلىمالار ھەجدە ۋاجىپ دەپ بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەر يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى كىتابلاردا تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىمۇ ھەجدىكى ۋاجىپ دەپ قارالغان.

1) تاۋاپ قىلىشتا تاھارەت ئالماق. 2) تاۋاپ قىلىشتا ئەۋرەتنى ياپماق. 3) تاۋاپنى يورغىلاپ قىلماق. 4) تاۋاپتىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق. 5) تاۋاپ قىلىشتا ھەتىم (ھەجەر، ئىسمائىل) تېمىنىڭ سىرتىدىن ئايلانماق. 6) سەئيە قىلىشنى سەفا تېغىدىن باشلىماق. 7) ھېيت كۈنلىرى شەيتانغا ئاتىدىغان ھەر كۈنلۈك تاشنى شۇ كۈندىن كېچىكتۈرمەسلىك.

**3. ھەجنىڭ سۈننەتلىرى:** 1) ئېھرامغا كىرىشتىن ئاۋۋال غۇسۇل قىلماق. 2) تاۋاپتىن كېيىن سەئيە قىلىشنى كېچىكتۈرمەسلىك. 3) ئېھرامغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇماق. 4) ئەر كىشىلەر ئاۋازلىق لەببەيكە ئوقۇماق. 5) تاۋاپ قىلغاندا ئوڭ مۈرىنى ئوچۇق قويماق. 6) سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلغاندا ئىككى يېشىل چىراغ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرمەك. 7) شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كۈنلەردە (ھېيتنىڭ 1-، 2-، 3-كۈنلىرى) مىنادا تۈنىمەك ۋە باشقىلار.

## ئۈچىنچى، ئېھرام

**1. ئېھرامغا كىرىش:** 1) ھەج قىلغۇچى ئەر كىشىلەر ئېھراملىق كىيىدۇ. ئاياللارنىڭ ئېھراملىقى بولسا، ئۆزىنىڭ نامازغا يارىغۇدەك كىيىمى بولسىلا بولىدۇ. 2) ئېھراملىق—ئادەم بەدىنىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىدىن باغلايدىغان ئىككى پارچە ئاق رەخت بولۇپ، ئۇ لۆڭگە رەختتىن بولسا ياخشىراق. ئۈستى ئېھراملىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 .2 مېتر، كەڭلىكى 25 .1 مېتر بولىدۇ. ئاستى ئېھراملىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى 2 مېتر، كەڭلىكى 20 .1 مېتر بولىدۇ. ئېھراملىقنى قول بىلەن، ياكى ماشىنا بىلەن تىكسە بولمايدۇ. ئېھراملىق تىكىلمىگەن بولۇشى، توقۇلغان بولۇشى لازىم. 3) ئېھرامغا كىرگەندە، باش كىيىم كىيىلمەيدۇ. 4) ئېھراملىق ئىچىگە مايكا، ئىشتان، كۆڭلەك قاتارلىق ئىچ كىيىملەرنى كىيىشكە بولمايدۇ. 5) ئېھراملىقنى كىيگەندىن كېيىن، ئۆمرە ئېھرامغا كىرگەنلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن "لەببەيكە ئۆمرە"، ھەج ئېھرامغا كىرگەنلىكنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا، "لەببەيكە بىھەججە" ئۆمرە بىلەن ھەجنى بىرلەشتۈرۈپ ھەج قىران قىلغان بولسا، "لەببەيكە بىھەججە ۋە ئۆمرە" دەپ ئوقۇيدۇ، شۇ چاغدا، ئاندىن ئېھرامغا كىرگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 6) ئېھراملىق ھالىتىدە پۇل سالىدىغان بەلباغ تىكىلگەن بولسىمۇ بولىدۇ. 7) ئايال كىشىلەرنىڭ ئېھراملىقىغا ئۆزىنىڭ كىيىمى ھېساب بولىدۇ (كىيىمنىڭ رەڭگى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى رەڭلىك ياكى رەڭسىز بولسۇن، پەقەت پاكىز بولسىلا بولىدۇ). 8) ئاياغ كىيىممۇ تىكىلمىگەن بولۇشى لازىم، ئادەتتە بازاردا سېتىلىدىغان ساپما ئاياغ بولسىلا كۇپايە.

**2. تەلبىيە ئوقۇش ۋاقتى:** ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان بولسا، ئېھرامغا كىرگەندىن باشلاپ، تاكى زۇلھەججەنىڭ 10-كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا قەدەر تەلبىيە ئوقۇش داۋاملىشىدۇ ۋە تاش ئاتقاندىن كېيىن توختايدۇ.

**3. ئېھرام ھالىتى:** ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ:

1) ھەرقانداق ئىش ئۈستىدە غەيۋەت-شىكايەت، ئۇرۇش-تالاش ۋە جېدەل-ماجىرا قىلىشقا بولمايدۇ.

2) جانۋارلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ. (لېكىن تۆۋەندىكى بەش خىل نەرسىنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ: (1) چايان، (2) چاشقان، (3) غالجىرئىت، (4) سار، (5) يىلان.) 3) نىكاھلىنىشقا بولمايدۇ. ھەتتا بۇ ئىشلار ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. 4) بەدەندىكى تۈكلەرنى يۇلۇشقا ۋە تىرناق ئېلىشقا بولمايدۇ (ئەگەر چاچ-ساقال ۋە بەدەندىكى تۈكلەر ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتسە، ئۆزلۈكىدىن زەخمىگە ئۇچرىسا، ھېچ خاتالىق بولمايدۇ. تۇۋا ئىستىغپار ئېيتسا بولىدۇ). 5) ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا بولمايدۇ. 6) ئەتىر ۋە ئەتىر سوپۇن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. 7) ئۆسۈملۈكلەرنى يۇلۇشقا، ئوت-چۆپ ئورۇشقىمۇ بولمايدۇ.

## تۆتىنچى، مىقات (چەكلىمە)

**1. مىقات ماكان (ئېھرامغا كىرىش چېگرىسى):** بۇ، بەيتۇللاغا ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەن كىشى بەيتۇللانىڭ تۆت ئەتراپىدىكى چېگرىلاردىن ئېھرامسىز ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر چېگرىدۇر. بۇ يەردىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ قېلىپ، شۇ يەرگە يەنە قايتىپ كېلىش ئىمكانىيىتى بولسا، قايتىپ بېرىپ ئېھرام باغلاپ كىرىش كېرەك. قايتىش مۇمكىن بولمىسا، ھەرەمگە يەنى مەككە مۇكەررەم شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، قۇربانلىق-قا يارايدىغان بىر دانە قوينى سويۇپ، كەمبەغەل يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرىش كېرەك. بۇ "دەم جىنايەت" بولىدۇ. بۇ قوينىڭ گۆشىدىن ئۆزى يېمەيدۇ. مۇشۇنداق چەكلىنىدىغان بىر ئورۇن مىقات ماكان دېيىلىدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇق ھاجىلار ئۈرۈمچىدىن ماڭغاندا جىددەگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئېھرامغا چوقۇم كىرىشى كېرەك. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، جۇڭگودىن بارغان ھاجىلار ئالدى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن مەككىگە بېرىۋاتىدۇ، شۇڭا ھاجىلار ئېھرام باغلىماي جىددەدىن مەدىنىگە بېرىپ، مەدىنىدىن مەككىگە بارغىچە ئېھرام باغلاپ ماڭىدۇ.

**2. قۇرۇقلۇقتىكى مىقات ئورۇنلار:** 1) مەدىنە مۇنەۋۋەردىن مەككىگە قايتقۇچى ياكى مەدىنە مۇنەۋۋەر يولى بىلەن كەلگەن ھاجىلار ئۈچۈن زۇلھەلىفە (يەنە ئەبيار ئېلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مىقات ماكان بولىدۇ. زۇلھەلىفە مەدىنە مۇنەۋۋەر شەھىرىدىن 18 كىلومېتىر يىراقتا. ئۇ يەردە مەسچىت مىقات دېگەن بىر مەسچىت بار. ھاجىلار بۇ مەسچىتتە غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ئېھرامغا كىرىدۇ. 2) قىزىل دېڭىز ئارقىلىق كەلگەنلەر يەلەملەم دېگەن جايغا ئۇدۇل كەلگەندە ئېھرام باغلايدۇ. 3) نەجد تەرىپىدىن كەلگەنلەر ئۈچۈن قەرنى مەنازىل دېگەن جاي مىقات بولىدۇ. 4) ئىراق تەرەپتىن كەلگەن ھاجىلارغا زاتۇ ئېرق دېگەن جاي مىقات بولىدۇ. 5) شام تەرەپتىن يەنى سۈرىيە، لىۋان، ئىئوردانىيە، پەلەستىن تەرەپتىن دېڭىز بويىنى ياقىلاپ كەلگەنلەرگە جۇھفە دېگەن جاي مىقات بولىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئۆمرە قىلغۇچى ياكى ھەج قىلغۇچى مىقاتقا كەلگەندە ئېھرامغا كىرىشنى نىيەت قىلىپ، غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ، ئېھرامغا كىرگەندىن كېيىن مىقاتتىن ئۆتۈش كېرەك.

**3. ھەج ۋاقتى (مىقات زامان):** ھەج ۋاقتى مىقات زامان دەپ ئاتىلىدۇ. ھەج قىلىش ئۈچۈن مۇقىم بىر بەلگىلەنگەن ۋاقىت بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە شاۋۋال، زۇلقەئدە ۋە زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنىگىچە بولىدۇ. بۇ ۋاقىتلار ئىچىدە، ھەجگە ئېھرام باغلاپ، مىقات ئىچىدە ھەج كۈنىنى ساقلاپ تۇرسا بولىدۇ. ھەج قىران قىلغۇچىلار ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتتا ئېھرام باغلىسا ئۆمرىگە ھېساب بولىدۇ. ئېھرام باغلىغان كۈنى، ئەگەر زۇلھەججىنىڭ 10-كېچىسى بولۇپ، ھېيت كېچىسى تاڭ يورۇپ قالسا، ئەرەفات ئۆتكەن بولىدۇ، ھەجى قوبۇل بولمايدۇ. شۇڭا بۇ چاغدا ئۆمرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە ئۆمرە قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كېلەر يىلى ھەج قىلسا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھىجرىيە 12-ئاينىڭ 8-كۈنى مەككە مۇكەررەمگە، مىناغا ئۈلگۈرۈپ چىقىش ناھايىتى زۆرۈر.

## بەشىنچى، نىيەت قىلىش دۇئاسى

1. ھەج ئۈچۈن: "ئاللاھۇممە ئىننى ئۇرىدۇلھەججە فەيەسسىرھۇلى ۋە تەقەببەلھۇمىننى" دېگەن دۇئا ئوقۇلىدۇ ۋە "لەببەيكە" يول بويى داۋاملىق ئوقۇلىدۇ، مەككە مۇكەررەمگە كىرىپ بەيتۇللانى كۆرگەندە "لەببەيكە" ئوقۇش توختىتىلىدۇ.

2. مەسچىت ھەرەمگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا: "ئاللاھۇممەغفىرلى زۇنۇبى ۋەفتەھلى ئەبۋابە رەھمەتىكە."

مەنىسى: "ئى ئاللاھ، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن (كەچۈرگەيسەن) ۋە رەھمىتىڭنىڭ دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن!"

3. مەسچىت ھەرەمدىن چىققاندا ئوقۇيدىغان دۇئا: "ئاللاھۇممەغفىرلى زۇنۇبى ۋەفتەھلى ئەبۋابە فەدلىكە."

مەنىسى: "ئى ئاللا، مېنىڭ گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن (كەچۈرگەيسەن) ۋە ياخشىلىق دەرۋازىلىرىنى ماڭا ئېچىپ بەرگەيسەن!".

## ئالتىنچى، تەلبىيە (ئىتائەت دۇئاسى)

1. ئوقۇلۇشى: "لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيكە لەببەيكە لاشەرىكە لەكە لەببەيكە ئىننەلھەمدە ۋەننىئمەتە لەكەۋەلمۇلكە لاشەرىكەلەكە".

مەنىسى: ("ئى ئاللا، سېنىڭ چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ) مەن ھازىر بولدۇم، ئى ئاللا، مەن ھازىر بولدۇم، مەن ھازىر بولدۇم، سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر. مەن ھازىر بولدۇم، شەك-شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇسانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر."

2. تەلبىيە ئوقۇش ۋاقتى: ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىغان بولسا، ئېھرامغا كىرگەندىن باشلاپ تەلبىيە ئوقۇيدۇ، زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ تەلبىيە ئوقۇش توختايدۇ.

## يەتتىنچى، تاۋاپ قۇدۇم

ھاجىلار مەككە مۇكەررەمگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، يۈك-تاقلىرىنى ياتاقلىرىغا قويۇپلا، تاھارەت يەڭگۈشلەپ، ئەڭ ياخشىسى غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىشقا بارسا بولىدۇ. بەيتۇللانى كۆرگەندە "لەببەيكە" ئوقۇش توختىلىپ، تۆۋەندىكى دۇئا ئوقۇلىدۇ:

"ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللا ھۇممە ئىفتەھلى ئەبۋابە رەھمەتىكە."

**تاۋاپ قائىدىسى:** 1. بەيتۇللانى ھەجەرۇلئەسۋەدتىن باشلاپ يەتتە قېتىم ئايلىنىدۇ، ئايلىنىش سائەت سترېلكىسىنىڭ ئايلىنىشىغا قارشى يۆنىلىش بويىچە بولىدۇ.

2. ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تاۋاپتا قولنى ئېھرامدىن چىقىرىپ، مۈرىنى ئوچۇق قويۇپ، يۈگۈرگەندەك تېز مېڭىش كېرەك. قالغان تۆت قېتىملىق تاۋاپتا ئاستا-ئاستا ماڭسا بولىدۇ. ھەر قېتىملىق تاۋاپتا دۇئا ئوقۇلىدۇ.

بەيتۇللانى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تاۋاپنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزى مەقامە ئىبراھىمدا ئوقۇلىدۇ. نامازدىن كېيىن زەمزەم سۈيى ئىچىلىدۇ.

## سەككىزىنچى، سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلىش

سەفا-مەرۋەدە يەتتە قېتىم سەئيە قىلىنىدۇ. سەئيە قىلىش سەفادىن باشلىنىپ مەرۋەدە توختايدۇ. سەفادىن مەرۋەگە بېرىش بىر قېتىملىق سەئيە بولىدۇ. مەرۋەدىن سەفاغا كېلىش يەنە بىر قېتىملىق سەئيە بولىدۇ. سەفادىن مەرۋەگە تۆت قېتىم بېرىش، مەرۋەدىن سەفاغا ئۈچ قېتىم كېلىش بىلەن يەتتە قېتىملىق سەئيە تامام بولىدۇ. سەفادا بەيتۇللاغا قاراپ قولنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ ھەرقانداق دۇئا قىلسا، دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ، سەفاغا چىققاندا دۇنيا، ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقنى، بالا-چاقىلىرىنىڭ ئىنسابىنى، ھىدايەتتە بولۇشىنى، ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىنى ئاللاتائالادىن سوراپ دۇئا قىلىنىدۇ. ئاندىن "ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئىننەس سەفا ۋەلمەرۋەتە مىن شەئائىرىللا" دەپ دۇئا ئوقۇپ، مەرۋەگە قاراپ يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ. سەفا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا ئىككى يېشىل چىراغ بار. بۇ ئىككى يېشىل چىراغ ئوتتۇرىسىدا ئەر كىشىلەر يۈگۈرۈپ ماڭىدۇ. ئاياللار يۈگۈرمەيدۇ. مەرۋەگە بارغاندا سەفادىن قىلىنىدىغان پائالىيەتلەرگە ئوخشاش دۇئا قىلىنىدۇ. يەتتە قېتىملىق سەئيەنى ئۈزۈلدۈرمەي ئاياغلاشتۇرۇش كۆپ ساۋابلىق ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر ئوتتۇرىدا تەرەت قىستاپ قالسا ياكى باشقا بىر ئىش بولۇپ قالسا، تەرەتتىن كېيىن، توختىغان يەردىن باشلاپ ماڭسا بولىدۇ. سەۋەبسىز سەئيە سەفانى ئۈزۈپ قويۇش ياخشى ئەمەس. سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمرىنىڭ تاۋاپىنى قىلغان بولسا، چېچىنى قىرقىپ ياكى چۈشۈرۈپ ئېھرامدىن چىقسا بولىدۇ. چاچنى قىرقىغان ياخشىراق، چۈنكى بۇنداق بولغاندا، يالاڭباش تۇرغان تەقدىردىمۇ ئىسسىق ئۆتۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ھەج ئېھرامدىن چىققاندا، چاچنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتسە ياخشى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمرە تامام بولىدۇ. ئېھرامدىن چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىۋالسا بولىدۇ.

قالغان ۋاقىتلاردا ھەرەمدىن چىقماي نەفلى تاۋاپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ، چۈنكى ھەرەم—دۇئا ئىجابەت بولىدىغان، خۇداغا يېقىن بولىدىغان، تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتىدىغان، خۇداغا يالۋۇرىدىغان، يىغلايدىغان جايدۇر.

## توققۇزىنچى، تەرۋىيە كۈنى مىنادا

ھىجرىيە زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى پېشىن ۋاقتىدىن ئىلگىرى مىناغا چىقىش لازىم، پېشىن بىلەن بەش ۋاخ نامازنى مىنادا ئوقۇش سۈننەتتۇر (ناماز پېشىن، ناماز ئەسىر، ناماز شام، ناماز خۇپتەن، زۇلھەججىنىڭ 9-كۈندىكى ناماز بامدات بىلەن بەش ۋاخ ناماز بولىدۇ). زۇلھەججىنىڭ 8-كۈنى تەرۋىيە كۈنى بولىدۇ. زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى ئەرەفات كۈنى بولىدۇ. بامداتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەرەفاتقا قاراپ ماڭىدۇ. پېشىندىن ئىلگىرى ھاجىلار ئەرەفاتتا جەم بولۇشىدۇ.

## ئونىنچى، ئەرەفات مەيدانىدا تۇرۇش

1. زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى چۈش چۈشتىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە بولغان ۋاقىت ئەرەفات مەيدانىدا تۇرىدىغان ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ. كۈن ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئەرەفاتتىن قايتىشقا بولمايدۇ. ئەرەفات كۈنى —زۇلھەججىنىڭ 9-كۈندىن زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى سەھەرگىچە بولىدۇ، زۇلھەججىنىڭ 9-كۈنى سەھەرگىچە (يەنى ھېيت كېچىسى) ئەرەفات كېچىسى بولىدۇ. ئەرەفات كېچىسى ئاللاتائالانىڭ بەندىلىرىگە قىلغان

رەھمەتىدۇر. ئادەتتە، پۈتۈن يىل ئىچىدە كۈندۈزدىن كېيىن كېلىدىغان كېچە ئەتىسىگە تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن، يەكشەنبە ئاخشىمىدىن كەلگەن كېچە دۈشەنبىگە ھېساب بولىدۇ. لېكىن ئەرەفات كۈنى ئاخشى-
دىكى كېچە ئەرەفات كۈنىنىڭ كېچىسى دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئالدىنقى ئەرەفات كۈنىگە تەۋە بولىدۇ.

ئەرەفات مەيدانىنى بىلمەي، ئەرەفات چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىپ قالسا، ھەج راۋا بولمايدۇ. مەسىلەن: بەك چارچاپ كېتىپ، بېشى قېيىپ چىقىپ كېتىپ قالسا، ھەج بولۇۋېرىدۇ. ئەمما بەلگىلەنگەن ئەرەفات چېگرىسىدىن تولۇق بىر كۈن چىقىپ كېتىپ قالسا بولمايدۇ. ئەرەفاتتا چوڭ مەسچىت (مەسچىت نەمىرە) نىڭ قىبلە تېمىدىن چىقىپ كەتسە بولمايدۇ. ئەرەفات مەيدانىدا جەبەلەرەھمە تېغى بار. بۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چوقۇم چىقىش ھاجەت ئەمەس. ئەرەفات مەيدانىنىڭ قايسى يېرىدە تۇرسا بولۇۋېرىدۇ. ئەرەفات مەيدانىنىڭ چېگرىسى ئىچىدىلا بولسا، ھەرقانداق بىر جاي تۇرىدىغان ئورۇن ھېسابلىنىۋېرىدۇ.

2. **پېشىن بىلەن ئەسىرنى جەمئىي ئوقۇش:** ئەرەفات كۈنى كۈندۈزدە ناماز پېشىن بىلەن ناماز ئەسىر پېشىن ۋاقتىدا ھەر ئىككىسى ئىككى رەكئەتتىن قەسىر ھەم جەمئىي قىلىپ بىر ئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن ئوقۇلسا بولىدۇ، بۇنداق ئوقۇش جەمئىي تەقدىم دېيىلىدۇ. بۇنداق ئوقۇش پەقەت ھەج ۋاقتىدا ئېھرام باغلىغان ھالدا ئەرەفات كۈنى ئەرەفات مەيدانىدىلا دۇرۇس بولىدۇ. ئەسىرنى پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇشنىڭ سەۋەبى، ئەرەفات كۈنى ئاللاتائالا ئۆز رەھمەتىنى بەندىلىرىگە ياغدۇرىدىغان كۈندۇر. خۇسۇسەن، ئاللاتائالا ھەممىنى ئۆزى بىلىپ، كۆرۈپ، پەرىشتىلىرىدىن: بەندىلىرىم نېمە قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، نېمە ئارزۇسى بار، نېمە تەلىپى بار ئىكەن دەپ سورايدۇ. ئاندىن پەرىشتىلەر: ئى پەرۋەردىگارىم! ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىسەن، بەندىلىرىڭ سېنىڭ رەھمىتىڭنىلا ئۈمىد قىلىدۇ. غەزىپىڭدىن قورقىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاندىن ئاللاتائالا: مېنىڭ بەندىلىرىم مېنى دەپ، مېنىڭ رەھمىتىمنى ئۈمىد قىلىپ، غەزىپىمدىن قورقۇپ يالاڭباش تۇرۇپتۇ. ئەي، پەرىشتىلىرىم، ئەي پەرىشتىلىرى، گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن بەندىلىرىمنى مەغپىرەت قىلدىم، گۇناھىنى كەچۈردۈم، دەپ بەندىلىرىگە خىتاپ قىلىپ، گۇناھلىرىڭلار مەغپىرەت بولغان ھالدا گۇناھسىز قايتىڭلار، دەپ بەندىلىرىگە ئۆزىنىڭ رەھمىتىنى ياغدۇرىدىغان ئۇلۇغ كۈندۇر. بۇ كۈن بەندىلەرنىڭ ئېھرام بىلەن چاچلىرى ئۆسكەن ھالدا يالاڭباش ئاللاتائالاغا يالۋۇرۇپ، يىغلاپ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرىدىغان ۋە ئاللاتائالاغا يېلىنىدىغان كۈندۇر. ئىستىغپار ئېيتىپ، دۇئا بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كۈندۇر.

ئەگەر جۈمە ئەرەفات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، جۈمە نامىزى ئوقۇلمايدۇ. شۇڭا، ئەرەفات كۈنىدىكى پائالىيەتلەرنى ئادا قىلىشىلىش كېرەك. چۈنكى، جۈمە كۈنى ئەرەفات كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ھەج ئەكبەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جۈمە نامىزى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ. ھالبۇكى، ھەج يىلدا بىر قېتىم بولىدۇ. شۇڭا، بۇ كۈنى ئەرەفاتتىكى خۇتبىلا ئوقۇلۇپ، جۈمە خۇتبىسى ئوقۇلمايدۇ.

## ئون بىرىنچى، مۇزدەلىفەدە قىلىنىدىغان پائالىيەتلەر

1. ئەرەفاتتىن قايتىپ مۇزدەلىفەگە كېلىپ، بىرىنچى قىلىدىغان ئىش ناماز شام بىلەن ناماز خۇپتەننى ئوقۇشتۇر. ناماز شامنى كېچىكتۈرۈپ خۇپتەننىڭ ۋاقتىغا ئېلىپ كېلىپ بىر ئەزان، ئىككى ئىقامەت بىلەن جەمئىي تەئخىر قىلىپ ئۈچ رەكئەت ناماز شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت خۇپتەن ئوقۇلىدۇ. بۇنداق ئوقۇشمۇ ھەج پائالىيەتلىرىدىن بىرى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق ئوقۇغان.

2. تاش تېرىش: شەيتانغا ئاتىدىغان تاش مۇزدەلىفەدىن تېرىۋېلىنىدۇ. 49 تال تاشنىڭ ھەممىسىنى مۇزدەلىفەدىن تەرسىمۇ بولىدۇ ياكى يەتتە تالنى مۇزدەلىفەدىن، قالغىنىنى مىنادىن تەرسىمۇ بولىدۇ.

3. بۇ كېچە ھېيت كېچىسى بولۇپ ئەرەفاتقا مەنسۇپ، مۇزدەلىفەدە ئارام ئالسىمۇ، ئۇخلىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كېچىچە زىكىر-تەسبىھ، قۇرئان ۋە نەفلى ناماز ئوقۇپ چىقسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

4. ناماز بامداتنى مىنادا ئوقۇشقا ئۈلگۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن، يېرىم كېچىدىن كېيىن مۇزدەلىفەدىكى پائالىيەتلەر تۈگىسىلا قوزغالسا بولىدۇ. مۇزدەلىفەدە بىر كىچىك تاغ بار. بۇ تاغقا يېقىن بىر تۈزلەڭلىكتە بىر مەسچىت بار، مەسچىتنىڭ ئەتراپى مەشئەرەلھەرەم دېيىلىدۇ. بۇ ئاللاتائالاغا زىكىر-تەسبىھ، دۇئا ئىستىغپار ۋە تەۋۋا قىلىدىغان جايدۇر. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "مەشئەرەلھەرەمدە ئاللانى زىكىر قىلىڭلار" دېگەن. بۇ كېچىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، بۇ ماكاننىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۇ ۋاقىتنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن شۇنداق بولغان.

## ئون ئىككىنچى، مىنادىكى پائالىيەتلەر

ھىجرىيە زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنى يەنى قۇربان ھېيت كۈنى ھاجىلارنىڭ ھەممىسى مۇزدەلىفەدىن مىناغا قايتىپ كېلىدۇ. مىناغا كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال كېلىپ بولۇش كېرەك. مىنا بىلەن مۇزدەلىفەنىڭ ئارىلىقىدا ۋادى مەھسەر دېگەن بىر يەر بار. ئۇ يەردە تۇرماستىن تېزرەك كېتىش كېرەك، چۈنكى ۋادى مەھسەر ئاللانىڭ غەزىپى ياغقان يەردۇر. «قۇرئان كەرىم»نىڭ «پىل» سۈرىسىدە بۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنغان.

**ھېيتنىڭ 1-كۈندىكى پائالىيەتلەر:** 1) چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىش. 2) قۇربانلىق قىلىش. 3) چاچ قىرقىش. 4) تاۋاپ زىيارەت قىلىش (مۇشۇ كۈندىن باشلاپ ھېيتنىڭ 3-كۈنىگىچە قايسى كۈنى بولسا بولۇۋېرىدۇ).

**ھېيتنىڭ 2-كۈندىكى پائالىيەتلەر:** 1) بۇ كۈنى چۈشتە ناماز پېشىن قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدۇ. نامازدىكەرمۇ قەسىر قىلىپ ئوقۇلىدۇ. قالغان نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، تەۋۋا-ئىستىغپار، زىكىر-تەسبىھ، تىلاۋەت قۇرئان بىلەن مەشغۇل بولسا بولىدۇ. غەيۋەت-شىكايەت قىلىشقا بولمايدۇ. 2) بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە شەيتانغا تاش ئېتىش.

**ھېيتنىڭ 3-كۈندىكى پائالىيەتلەر:** ھېيتنىڭ 2-كۈندىكى پائالىيەتلەر بىلەن تامامەن ئوخشايدۇ. ھېيتنىڭ 3-كۈنى تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، مىنادا قىلىدىغان پائالىيەتلەر شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ-دە، مەككە مۇكەررەمگە قاراپ ماڭسا بولىدۇ. ئەگەر ھېيتنىڭ 4-كۈنىمۇ بىر كۈن تۇرۇپ، چۈشتىن كېيىن مىنادىن قايتىپ چۈشسە، تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**تۆۋەندە مىنادىكى پائالىيەتلەرنىڭ تەپسىلاتىنى تونۇشتۇرىمىز:**

**1. شەيتانغا تاش ئېتىش ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى:** مىنادا ئۈچ يەردە شەيتان بار بولۇپ، ئۇلار چوڭ شەيتان (جۇمرەتۇلئەقەبە)، ئوتتۇرا شەيتان (جۇمرەتۇلۋۇستا)، كىچىك شەيتان (جۇمرەتۇسسۇغرا) دېيىلىدۇ. مىناغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زۇلھەججىنىڭ 10-، 11-، 12-كۈنلىرى، يەنى ھېيتنىڭ 1-، 2-، 3-كۈنلىرى شەيتانغا تاش ئېتىش كېرەك. ئۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق: ھېيتنىڭ 1-كۈنى پەقەت چوڭ شەيتانغىلا يەتتە دانە تاش ئېتىلىدۇ، بۇنىڭ ۋاقتى: سۇبھى يورۇغاندىن باشلاپ، پېشىن ۋاقتىغىچە سۈننەت بولغان ۋاقىت، بۇ كۈن "ياۋمۇننەھرى" دېيىلىدۇ. بىرىنچى تاشنى ئېتىش بىلەنلا "لەببەيكە" ئوقۇش توختىتىلىدۇ. ياشانغانلار ۋە ئاياللار ناماز ئەسىر ۋە ناماز شامدىن كېيىن سۇبھىگىچە تاش ئاتسىمۇ بولىدۇ. ھېيتنىڭ 2- ۋە 3-كۈنلىرى ئۈچ شەيتاننىڭ ھەممىسىگە تاش ئېتىلىدۇ. بۇنىڭ ۋاقتى: چۈش قايرىلغاندىن كېيىن ناماز شامغىچە سۈننەت بولغان ۋاقىت. بۇ كۈنلەر "ئەييامۇتتەشرىق" دېيىلىدۇ، بۇ كۈنلەردە، ئاۋۋال

كىچىك شەيتانغا، ئاندىن ئوتتۇرا شەيتانغا تاش ئېتىلىدۇ ۋە ھەربىر شەيتانغا تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، قىبلە تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىنىدۇ، ئاخىر چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىپ بولۇپ، دۇئا قىلماي قايتىش كېرەك.

شەيتانغا تاش ئاتقاندا، بىر-بىردىن ئېتىش كېرەك. ھەربىر تاشنى ئاتقاندا "بىسمىللاھى، ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە، ھەربىر شەيتانغا يەتتە تال تاش ئېتىلىدۇ، يەتتە تال تاشنى بىر قېتىمدىلا ئېتىپ قويسا، ئۇ بىر تال تاشقا ھېساب بولىدۇ. ئەگەر تەرتىپ بويىچە بولماي، ھېيتنىڭ 2- ۋە 3-كۈنلىرى چوڭ شەيتاندىن باشلاپ تاش ئېتىپ قويۇلسا، باشقىدىن ئېتىش كېرەك.

تاش ئېتىشتا ئاجىز كەلگەنلەر ئۈچۈن، باشقىلار ۋەكىل بولۇپ، بەدەل تېشى ئېتىپ قويسا بولىدۇ. لېكىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ تېشىنى ئېتىپ بولۇپ، ئاندىن ۋەكىل بولغان كىشىنىڭ تېشىنى ئېتىش كېرەك. ھەج پائالىيەتلىرىدە، ئاجىز، ئاغرىقچان كىشىلەرگە تاش ئېتىشتىن باشقا ئىشلارغا ۋەكىل بولۇشقا بولمايدۇ. يەنى تاۋاپ قىلىش، سەئيە سەفا قىلىش ۋە ئەرەفاتتا تۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە ۋەكىل بولۇپ، بەدەل ئورنىدا ئادا قىلىشقا بولمايدۇ.

**2. قۇربانلىق قىلىش:** قىران ۋە تەممەتتۇئ ھەج نىيىتى قىلغانلار قۇربانلىق قىلىدۇ. قۇربانلىق قىلمىسا ۋاجىپنى تەرك قىلغان ھېسابلىنىدۇ. قويىنى ئۆزى سويىمەن دېمەي، قۇربانلىق قىلىدىغان شىركەتلەرگە پۇل تاپشۇرۇپ، تالون ئالسىمۇ بولىدۇ. شۇ شىركەتلەر ۋەكىل بولۇپ سويىدۇ. بۇنداق قىلىشتا ھېچقانداق شەك يوق.

قوي سويۇشقا قۇدرىتى يەتمىسە، ھەجگە چىقىشتىن ئاۋۋال مەككىدە ئۈچ كۈن روزا تۇتسا بولىدۇ. ئاندىن ئۆز ۋەتىنىگە بېرىپ، يەتتە كۈن روزا تۇتسا بولىدۇ. بۇ جەمئىي ئون كۈن بولىدۇ. پۇلى بار تۇرۇقلۇق قۇربانلىق قىلماي، پۇل يوق دەپ روزا تۇتسا، جائىز بولمايدۇ.

ھەج ئىفراد نىيىتى قىلغانلارغا قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپ ئەمەس، شۇڭا، قۇربانلىق قىلمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

**3. چاچ قىرقىش:** چاچنى چۈشۈرگەندىن ياكى قىرقىغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىش كېرەك. بۇ تەھلىل ئەسغەر (كىچىك يول قويۇش) دېيىلىدۇ. ئېھراملىق ھالەتتە جائىز بولمىغان نەرسىلەر بۇنىڭ بىلەن جائىز بولىدۇ. لېكىن ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولسا بولمايدۇ.

**4. تاۋاپ زىيارەت قىلىش:** بۇ كۈندىن باشلاپ ھېيتنىڭ 3-كۈنىگىچە مەككە مۇكەررەمگە كىرىپ، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىپ، پائالىيەتلەرنى تولۇق تاماملىسا تەھلىل ئەكبەر (چوڭ يول قويۇش) بولىدۇ. ھەجنىڭ (مەيلى تەممەتتۇئ، قىران ۋە ياكى ئىفراد بولسۇن) قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ تاۋاپنى قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇ تاۋاپ پەرز تاۋاپ بولىدۇ. بۇ تاۋاپنى قىلماي ھېچقانداق ھەج ھەج بولمايدۇ. شۇنداقلا ئېھرامدىن كامىل چىققان ھېسابلانمايدۇ (چوڭ يول قويۇش بولمايدۇ).

ھەج قىران قىلغان كىشى تاۋاپتىن كېيىن يەنە سەئيە سەفا قىلىدۇ. چۈنكى ئۆمرە ئۈچۈنمۇ ئوخشاش تاۋاپ ۋە سەئيە سەفا بولىدۇ. ھەج قىران قىلغان چاغدا، ھەجدىن ئىلگىرى قىلغان سەئيە بولسا، ئۆمرىگە ھېساب بولىدۇ.

ئىفراد ھەج قىلغانلار بولسا، ھەجدىن ئىلگىرى يەنى مىناغا چىقىشتىن ئىلگىرى ھەج ئۈچۈن سەئيە قىلغان بولسا، بۇ چاغدا ھەجدىن چۈشۈپ، پەقەت ھەجنىڭ تاۋاپىنى قىلسىلا بولىدۇ. چۈنكى سەفا مەرۋەدە



www.uyghurkitap.com

سەئيە قىلىش ئىككىنچى قېتىم لازىم ئەمەس. ئەگەر ھەجدىن ئىلگىرى سەئيە قىلمىغان بولسا، بۇ قېتىم سەئيە قىلىشى لازىم. سەئيە قىلىش "پەرز"دۇر (بەزى كىتابلاردا ۋاجىپمۇ دېيىلگەن).

ئەرەفاتتا مۇزدەلىفەدىن قايتىپ مىناغا چۈشۈپ، چوڭ شەيتانغا يەتتە دانە تاشنى ئېتىپ بولۇپلا، قوي زەبھە قىلىپ چاچ ئالدۇرۇپ، ئاندىن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىدۇ. جۇڭگودىن بارغان ھاجىلار ھەج تەمەتتۇئ قىلغاچقا، تاۋاپ زىيارەتتىن كېيىن چوقۇم سەفا-مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيە قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئېھرامدىن كامىل چىققان بولىدۇ.

## ئون ئۈچىنچى، مەككىگە قايتىپ كىرىش

قۇربان ھېيتنىڭ 3-، 4-كۈنلىرى ھاجىلارنىڭ چۈشتىن كېيىن تاش ئېتىپ بولۇپ، مەككە مۇكەررەمگە قايتىپ كەلگەنلىكى ھەج مۇراسىملىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاتائالانىڭ بەرگەن تەۋفىقىغە شۈكۈر قىلىپ، قايتىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش كېرەك. ئەگەر ۋەتەنگە قايتقۇچە بوش ۋاقىت بولسا، ھەرەم شەرىپكە بېرىپ تاۋاپ قىلسا بولىدۇ. قانچە كۆپ تاۋاپ قىلسا، شۇنچە كۆپ ساۋابى بولىدۇ. بەش ۋاخ ناماز ھەرەم شەرىپتە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇلىدۇ. ھەرەم شەرىپتىكى بىر ۋاخ ناماز باشقا يەردىكى يۈزمىڭ ۋاخ نامازدىن ئۇلۇغراق.

ھەج تاۋاپ بولسۇن ياكى نەفلى تاۋاپ بولسۇن، ھەجەرۇلئەسۋەدتىن باشلاپ تاۋاپ قىلىنىدۇ، مۇمكىن بولسا، ھەجەرۇلئەسۋەدنى سۆيسە بولىدۇ، مۇمكىن بولمىسا، ئۇدۇلىدىن تۇرۇپ "ئاللاھۇ ئەكبەر" دەپ ئىشارەت قىلسىمۇ بولىدۇ.

## ئون تۆتىنچى، ۋىدالىشىش تاۋاپى

ھاجىلار ۋەتەنگە قايتىدىغان ۋاقىتتا، ھەرەمگە كىرىپ ۋىدالىشىش تاۋاپى قىلىپ قايتىدۇ، بۇ تاۋاپ ۋاجىپتۇر. بۇنى قىلماي كەتسە بولمايدۇ. ۋاجىپ تەرك ئېتىلسە، ھەرەمنىڭ كەمبەغەللىرىگە بىر قوي سويۇپ بېرىش لازىم، بۇ "دەم جىنايەت" دېيىلىدۇ. باشقا يەردە سويسا بولمايدۇ. قوينىڭ گۆشىنى تەرك ۋاجىپ قىلغان كىشى ئۆزى يېمەيدۇ. ۋىدالىشىش تاۋاپىدىن كېيىن ھەجنىڭ پائالىيەتلىرى تامام بولغان بولىدۇ. ئاللاتائالا ھەجنى نېسىپ قىلغان كىشى ئاللانى ئۇنتۇماستىن، دائىم ئاللانى زىكىر قىلىشى كېرەك. ھەج قوبۇل بولۇپ قايتقان كىشى ئانىسىدىن يېڭى تۇغۇلغان بالىغا ئوخشاش گۇناھسىز قايتىدۇ.

## ئون بەشىنچى، دەم ۋاجىپ بولىدىغان ئىشلار

دەم ۋاجىپ دېگەندە، ھەج پائالىيەتلىرى جەريانىدا خاتالىق سادىر بولۇپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى بەك ئېغىر بولمىغان، ھەجنىڭ رۇكنىلىرىغا تەسىر قىلمايدىغان، لېكىن ھەجنىڭ كامىللىقىغا تەسىر قىلىدىغان خاتالىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنى بىر قوي سويۇش ئارقىلىق تولۇقلىغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئەھۋاللار دەم ۋاجىب بولىدۇ:

1. ئۆمرىنىڭ ئىشلىرى تۈگەپ چاچ قىرقىشتىن ئىلگىرى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت قىلىپ قويسا؛ 2. مىقاتتىن ئېھرامسىز ئۆتۈپ كەتسە (ئەگەر مىقاتقا قايتا بېرىپ، ئېھرام باغلاپ كىرسە تولۇقلىنىدۇ)؛ 3. ھەجنىڭ ۋاجىپلىرىدىن ھەرقانداق بىرى تەرك قىلىنىپ قالسا؛ 4. تاۋاپ ۋىدانى قىلماي ۋەتىنىگە قايتسا؛ 5. ھەجدە سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلمىسا؛ 6. ئەرەفاتتىن شامدىن ئىلگىرى قايتسا؛ 7. شەيتانغا ئاتىدىغان بىر كۈنلۈك تاشنى ئاتمىغان بولسا( مەيلى قايسى كۈننىڭ بولسۇن، بىر كۈننىڭ تېشى ئېتىلماي

www.uyghurkitap.com

قالسىلا دەم ۋاجىپ بولىدۇ.

"دەم ۋاجىب" بولسا بىر قوي سويۇپ كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىلىدۇ. گۆشنى سەدىقە بەرگۈچى يېمەيدۇ. "دەم شۈكۈر"، "دەم تەمەتتۇئ" ۋە "دەم قىران"دا قۇربانلىق گۆشنى ئۆزى يېسە بولىدۇ.

## ئون ئالتىنچى، ھەجدىكى بەزى خاتالىقلار

خاتالىقلار شەرىئەت ئىستىلاھىدا "جىنايەت" دېيىلىدۇ. خاتالىقلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەفاتتا تۇرۇشتىن ئاۋۋال ئېھرام ھالىتىدە ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولسا، قىلغان ھەج پۈتۈنلەي بۇزۇلىدۇ. بۇنىڭدا كېلەر يىل قازا ھەج قىلىپ، بىر قوي سويسا، ھەجى ئاندىن ئورنىغا كېلىدۇ.

2. شەيتانغا تاش ئاتقاندىن كېيىن، پەرز تاۋاپ قىلىشتىن ئىلگىرى ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولسا، بىر دانە تۆگە سويۇپ كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بەرسە، ھەجى ئاندىن ئورنىغا كېلىدۇ.

3. ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغان كىشى تاۋاپتىن ئاۋۋال ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۆمرە بۇزۇلىدۇ. بۇ ئۆمرەنى باشقىدىن تولۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ ۋاقتى ھەج كۈنىدىن باشقا كۈنلەردە بولسا بولىۋېرىدۇ.

## ئون يەتتىنچى، ھەجدە قىلمايدىغان ئىشلار

1. ئاياللار سىرتقا يالغۇز چىقماسلىق لازىم. ھەتتا ھەجنىڭ پەرزىنى ئادا قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ يالغۇز چىقىشتىن ساقلىنىش كېرەك. 2. ھەرقانچە قىستاڭچىلىق بولسىمۇ، ئەر-ئايال ئارىلىشىپ ئولتۇرماسلىق لازىم. 3. ھەرقانداق سەۋەب بولسىمۇ، تالاش-تارتىش قىلىپ جېدەللەشمەسلىك لازىم. 4. ھەج مەسىلىلىرى ئۈستىدە جاھىللارچە كۆپ مۇنازىرە قىلماسلىق لازىم. 5. تاۋاپ قىلغاندا ئاياللارغا سۈركىلىپ يۈرمەسلىك لازىم. 6. تاۋاپتا ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتماسلىق لازىم. 7. مەسچىت، ھەرەم ئىچىدە گەپ قىلماسلىق لازىم. 8. ناماز ئوقۇۋاتقانلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەسلىك لازىم. 9. مەسچىت نەبەۋىگە ناماز بامداتتىن ئىلگىرى كېلىۋېلىپ، رەۋدەتۇشەرىپنىڭ يېنىغا بارىمەن دەپ كىشىلەر بىلەن تالىشىپ يۈرمەسلىك لازىم. 10. ھەرەمنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىنى ئوغۇشماي ئېلىۋېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. 11. ئاياللار چېچىنى قىرقىغاندا چاچ كېسىمىز دەپ تۇرغان باللارغا چاچ كەستۈرمەسلىكى لازىم. 12. بەزى ئاياللارغا مەھرەم بولۇش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق نىكاھلىنىشتىن ساقلىنىش لازىم، بولۇپمۇ ئېھرامغا كىرگەندە نىكاھلانسا ئېھراملىق ھالىتى بۇزۇلىدۇ. 13. زەمزەم قۇدۇقىغا كىرگەندە ئەر-ئاياللار ئايرىم-ئايرىم كىرىش لازىم. 14. تولا رەسىمگە چۈشۈش ياخشى ئەمەس. 15. ئىككى ھەرەمدە نامازنى تەرك قىلماسلىق لازىم. 16. مۇقەددەس جايلاردا تاماكا چەكمەسلىك لازىم. 17. ئەرلەر ئالتۇن ئۈزۈك قاتارلىق نەرسىلەرنى تاقىماسلىقى لازىم. 18. ناخشا-مۇزىكا ئاڭلىماسلىق لازىم. 19. قارت، شاھمات ئويнимاسلىق لازىم.

## ئون سەككىزىنچى، ئاياللار ھەج قىلغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

ئاياللار ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئادەت (ھەيز) كۆرۈپ قالسا، شۇ ھالەتتە ئۆزىنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ، تىرناقلىرىنى ئېلىپ ۋە باشقا ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ، ئاندىن غۇسۇل تاھارەت ئېلىپ ئېھرامغا نىيەت قىلسىلا بولىدۇ. چۈنكى، ئايال كىشىلەرنىڭ ئېھراملىقى ئۈچۈن ئادەتتىكى نامازغا يارىغۇدەك كىيىملىرىلا كۇپايە قىلىدۇ. ئۇنىڭغا مەخسۇس ئاق ياكى قارا دەپ تەييارلىق قىلىش ھاجەتسىز. ئاياللار ئېھراملىق ھالىتىدە يۈزىنى ياپمايدۇ. تەلبىيە لەببەيكە ئېيتىدۇ. دۇئا، دۇرۇت، سالاۋات، زىكىر-تەسبىھلەرنىڭ

ھەممىسنى ئېيتسا بولىدۇ. ئەمما ناماز ئوقۇمايدۇ ۋە روزا تۇتمايدۇ.

1. ئەگەر مىقاتتا قىلغان نىيىتى ئۆمرە ئۈچۈن بولسا، مەككە مۇكەررەمگە كىرگەندە ھەرەمگە كىرسە بولمايدۇ، تاكى ئادەتتىن ساقىيىپ پاكىز بولغۇچە كۈتۈپ تۇرىدۇ.

ئادەتتىن ساقايغاندا، پاكلىنىپ غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ، ئاندىن ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تاماملايدۇ. ئەگەر ھەج كۈنى كەلگۈچە ئادەتتىن ساقايمىسا، ئۆمرىنىڭ نىيىتىنى ھەجنىڭ نىيىتىگە ئۆزگەرتىپ ھەج قىلىدۇ.

2. ئەگەر ھەجگە ئېھرام باغلاشتىن ئىلگىرى ياكى ئېھرام باغلىغاندىن كېيىن ئادەت كېلىپ قالسا، ھاجىلار بىللە بىللە ھەجگە چىقىپ لەببەيكە ئېيتىدۇ. زىكىر-تەسبىھ، تەھلىل-سەلاۋەت، دۇئا قىلىۋېرىدۇ. ئەرەفاتتا تۇرۇپ بولۇپ مۇزدەلىفەگە كېلىدۇ. ئاندىن مىناغا كېلىپ شەيتانغا تاش ئاتىدۇ ۋە ئاخشىمى مىنادا قونىدۇ. ئېھرامدىن چىقىدۇ. غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ ۋە بەيتۇللاغا كىرىپ پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىدۇ. پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەممە نەرسە ئاۋالقىدەك ھالال بولىدۇ. بۇ "تەھلىل ئەكبەر" دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى تولۇق دەرىجىدە يول قويىغان بولدى دېمەكتۇر. شۇ چاغدا ئېھرامدىن كامىل چىقىدۇ.

3. ھېيت كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتكۈچە پەرز تاۋاپنى ئادا قىلالمىسا، ئادەت توختىمىسا بۇ ئايال مەككە مۇكەررەمگە قايتىپ كىرىپ پاكلىنىپ بولغۇچە ساقلاپ ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. پاكلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىدۇ. ھەجدىن ئىلگىرى سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلمىغان بولسا، ھەجنىڭ پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سەفا-مەرۋەدە سەئيە قىلىدۇ.

4. ئەگەر ئەرەفاتتىن قايتىپ كېلىپ، پەرز تاۋاپنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئادەت كېلىپ قالسا، بۇ ئايالنىڭ ھەجى تامام بولغان بولىدۇ. قايتىش ۋاقتىغىچە ئادەتتىن ساقايمىسا، تاۋاپ ۋىدا ساقىت بولىدۇ. ئەمما، پەرز بولغان ھەج تاۋاپ (يەنى ئەرەفاتتىن چۈشۈپلا قىلىدىغان تاۋاپ) ساقىت بولمايدۇ. بۇ تاۋاپنى قىلمىسا، ھەجى ھەج بولمايدۇ. شۇڭا ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھەجنىڭ ئۈچ رۇكنى ئېھرام باغلاش (نىيىتى بىلەن)، ئەرەفاتتا تۇرۇش، ئەرەفاتتىن كېيىن بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش بولغاچقا، بۇ ئۈچ چوڭ رۇكنىنى ئادا قىلماي ھەجنى تامام قىلغىلى بولمايدۇ.

ئاياللار ئادەت كېلىپ قالغاندا، پەرز تاۋاپنى كېچىكتۈرۈپ قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، ئادەت كەلگەن ئاياللار، يېڭى تۇغۇتلۇق ئاياللار مەسچىتكە كىرسە بولمايدۇ. شۇڭا ئۇزرىنىڭ تاۋاپنى كېچىكتۈرۈش كېرەك.

## ئون توققۇزىنچى، مەدىنە مۇنەۋۋەر

مەدىنە مۇنەۋۋەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىت مۇبارەكلىرى بار. مەسچىتنىڭ ئىچىدە رەۋدەتۇ مۇبارەكە دېگەن جاي بار. رەدەتۇ مۇبارەك—ھەرەم (مەسچىت نەبەۋى) ئىچىدىكى ئاق تۈۋرۈكلۈك جاي.

مۇسۇلمانلار ھەجدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن رەۋدەتۇ مۇبارەكەدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە شەرىپىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەدەب بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام بېرىدۇ:

ئاندىن بىر قەدەم ئوڭغا يۈرۈپ، سەيىدىنا ئەبۇبەكرى رەزىئاللاھۇ ئەنھۇغا سالام بېرىدۇ؛

يەنە ئوڭ تەرەپكە قاراپ بىرئاز يۈرۈپ، سەيىدىنا ئۆمەر بىن خەتتابغا سالام بېرىدۇ؛

ئاندىن قىبلە تەرەپكە قاراپ دۇئا قىلىدۇ. ئاللاتائالادىن ئۆز گۇناھىنىڭ ئەپۇ-مەغپىرىتىنى، بالىلىرىنىڭ

ھىدايەت ۋە تەۋفىقىنى، ۋەتىنىنىڭ ياشنىشىنى تىلەپ ۋە باشقا دۇئا تەلەپ قىلغانلار ھەققىدە دۇئا خەير قىلىدۇ.

**زىيارەت قىلىدىغان جايلار:** 1. مەسچىت قۇبا—پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن ھىجرەت قىلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئالدى بىلەن سالدۇرغان مەسچىتنىڭ نامى، ئۇ ئىسلام تارىخىدا ئەڭ دەسلەپتە بەرپا قىلىنغان مەسچىتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر شەنبە كۈنى قۇبا مەسچىتىگە چىقىپ ناماز ئوقۇپ كېلىدىكەن ۋە كىشىلەرنىمۇ مەسچىت قۇباغا كېلىپ ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن. 2. جەننەتۇل بەقى: روسۇلۇللانىڭ ساھابىلىرى دەپنە قىلىنغان ئورۇن. 3. ئۇھۇد شېھىتلىكى: روسۇلۇللانىڭ تاغىسى ھەمزە سەيىدىنا شېھىت بولغان جاي، بۇ يەردە ساھابە كەرىملەردىن 70تەك شېھىتنىڭ قەبرىسى بار. 4. مەسچىت قىبلەتەينى (ئىككى قىبلە مەسچىتى) دەسلەپتە بەيتۇلمۇقەددەسنى قىبلە قىلىپ، كېيىن ھەرەمگە قاراپ ناماز ئوقۇش باشلانغان جاي. 5. ئۇھۇد تېغى: ھىجرىيىنىڭ 3-يىلى روسۇلۇللا: "بۇ تاغ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ بۇ تاغنى ياخشى كۆرىمىز" دېگەن. 6. يەتتە مەسچىت: مەسچىت فاتىھى، مەسچىت غۇمامە، مەسچىت ئەبۇبەكرى سىددىق، مەسچىت فاتىمە، مەسچىت ئۆمەر بىن خەتتاب، مەسچىت ئەلى بىن ئەبۇ تالىپ، مەسچىت بىلال بىن راھ.

لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، مەيلى روسۇلۇللانىڭ قەبرىسىنى ياكى ساھابىلەرنىڭ قەبرىسىنى، ئۇھۇد شېھىتلىرىنى زىيارەت قىلغاندا، ئۇلاردىن مەدەت تەلەپ قىلىشقا، ياردەم قىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ.

مەدىنە مۇنەۋۋەردە تۇرغان ۋاقىتلاردا، بەش ۋاخ نامازنى مەسچىت نەبەۋى (پەيغەمبەر مەسچىتى)دە جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش سۈننەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر مەسچىتىدە ئوقۇلغان بىر ناماز باشقا يەردىكى مىڭ نامازدىن ئەۋزەل. شۇڭا، مۇمكىن بولسا، 40 رەكئەت نامازنى تەرك ئەتمەي، جامائەت بىلەن بىللە پەيغەمبەر مەسچىتىدە ئوقۇش كېرەك.

(بۇ ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: ئابدۇللا داموللا ھاجىم)

---

(بېشى 32-بەتتە)

نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز مەدەنىيەت-مائارىپقا بارغانسېرى ئەھمىيەت بەرمەكتە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ياخشى كەيپىيات شەكىللەنمەكتە. مەدەنىيەت- مائارىپنىڭ ياخشى بولۇش-بولماسلىقى بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ تەقدىر-ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. بولۇپمۇ ھازىرقى كۈندىكىدەك ئالىي پەن-تېخنىكا تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە، ئەگەر بىز ئېلىپنىڭ سۈنىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ساۋاتسىزلاردىن، دىن قارىغۇلىرىدىن بولۇپ قالساق، قانداق قىلىپ «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى توغرا چۈشىنەلەيمىز، يەنە قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ نۇرلاندۇرالايمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىمىزدىن باشلاپ پەرز، سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىشىمىز، ئاللاتائالا ئىنسانلارغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»نى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ھەربىر ئايەتنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، تەشۋىق-تەربىيە ئېلىپ بېرىشىمىز، كىشىلەرنى يورۇقلۇققا باشلىشىمىز، بەخت-سائادەتنىڭ داغدام يولىغا باشلاپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن پاراۋان تۇرمۇش يارىتىشىمىز لازىم.

# ئىسلام دىنى بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان دىن

خۇاڭ يىچۈەن

ئىسلام دىنى بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئەقلىي ئىقتىدارغا ئېتىبار بېرىدىغان دىن. شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە بىلىم ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدىغان، بىلىم ئىگەللەشكە ئىنتىلدۈرىدىغان، ئەقىل-پاراسەتنى ئاچىدىغان ۋەز-نەسىھەتلەر ناھايىتى كۆپ، بىز مۇسۇلمانلار ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتىپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا پائال ئاتلىنىشىمىز لازىم. بىر مۇسۇلمان پەقەت بىلىم ئىگەللىگەندىلا، جەمئىيەتنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، تەبىئەتنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، ئۆز قىممىتىنى چۈشىنەلەيدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۆھپە قوشالايدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەگەر (بۇنى) بىلمىسەڭلار، ئەھلى ئىلىمدىن سوراڭلار" (21-سۈرە، 7-ئايەت). ئاللاتائالا بۇ ئايەتتە شۇنى تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىلمەيدىغان نەرسىلەرگە يولۇققىنىمىزدا، بىلمەسلىكىمىزدىن سۈكۈت قىلىپ تۇرماي، كامىل بىلىدىغانلارغا، بىلىم ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم. بىلىم ئەھلىلىرىمۇ بىلىملىرى بىلەن ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ تۇرۇۋالماي، مۇراجىئەت قىلغۇچىلارغا ئېرىنمەي ئۆگىتىپ قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇشى لازىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت ئاتا قىلغاي) ئەينى ۋاقىتتا مائارىپنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان، بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مەسىلەن، "ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەربىر ئەر-ئايال مۇسۇلمان ئۈچۈن پەرزدۇر"؛ "ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار"؛ "ئىلىم تەلەپ قىلىش بۆشۈكتىن لەھەدكىچە بولۇر "... بۇ ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلىم تەلەپ قىلىش ياش پەرقى، مىللەت ئايرىمىسى، ئىرقىي جەھەتتىكى ئوخشىماسلىقى ۋە رايون چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئىلىم ئىزدەش يولىغا كىرسە، ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ"، "بۇ دۇنيادىكى بەخت-سائادەت بىلىمدىن كېلىدۇ، ئاخىرەتلىك ھالاۋەتمۇ بىلىمدىن بولىدۇ". ئاتاقلىق تەپسىرشۇناس تەبەرى مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزنى قىلغانىدى: "ھەقىقەت ئۈچۈن ئىلىم تەلەپ قىلىش ئاللادىن قورقۇش جۈملىسىدىندۇر؛ ئىلىم ئىزدەش بىر خىل كۈرەشتۇر، باشقىلارنى تەربىيىلەش بىر خىل تۆھپە يارىتىشتۇر، بىلىم مەنىسىز ۋاقىتتىكى تەسەللى، تەنھا ۋاقىتتىكى سىرداش دوست، ھەق دىنىنىڭ يول باشلىغۇچىسىدۇر؛ ئىلىم ئازاب-ئوقۇبەتلىك ۋە جاپالىق مىنۇتلاردا، كىشىلەرگە چىدام-سەۋرچانلىق ئاتا قىلىدۇ، دوستلارئارا ئىشەنچنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ، شۇنداقلا ناتونۇش كىشىلەر ئارىسىدىكى دوستلۇقنى كۈچەيتىدۇ، ئۇ جەننەت يولىنىڭ ماياكىدۇر." بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى مەدەنىي بىلىمگە ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئىلىم ئەھلىنى ھۆرمەتلەيدۇ.

(داۋامى 31-بەتتە)

www.uyghurkitap.com



# "ئىجتىھاد" ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل

## —شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈش پرىنسىپلىرى

ئابدۇۋەھاب

شەرىئەتنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر تەرەققىي قىلىپ، مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بىر قانۇن سىستېمىسىغا ئايلىنالىشى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى فەقىھلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپىنىڭ پرىنسىپ، بەلگىلىمىلىرى ۋە روھىغا ئاساسەن ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ بىر جەريان ئىلمى فىقھەدە "ئىجتىھاد" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولسىمۇ، بىراق شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئىلمى فىقھە مۆتىۋەرلىرىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى شەيئىلەر، يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۆز ئەقىل-پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، خۇلاسىلەش، سېلىشتۇرۇش، ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، پۈتكۈل شەرىئەت مىزانى بىلەن توقۇنۇشمايدىغان شەرىئەت ھۆكمى ۋە قائىدىلىرىنى چىقىرىشىنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر جەريانىنى كۆرسىتىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇ بولۇپ قالدى. بۇ يەنە «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپىنى تەپسىرلەش، قوللىنىش، تا يېڭى، كونكرېت پەتىۋالارنى تۈزۈشكىچە بولغان جەريانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۆلىمالار "مۇجتەھىد( "پەتىۋا تۈرغۈزغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىجتىھادنىڭ تۈپ روھى ۋە تەلىپى ئەمەلىيەتتە بۈرۈنلا ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى شەرىئەت تارىخىدا ئاللىقاچان بەلگىلىنىپ بولغانىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە تۆت چوڭ خەلىپە شەرىئەتتىكى ئالاقىدار مەسىلىلەرگە پەتىۋا چىقىرىش يولى بىلەن، جاۋاب بېرىپ كەلگەنىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»دىكى ئالاقىدار ئايەتلەرگە ئاساسەن، رېئال تۇرمۇشتىكى بىر قىسىم مۇجمەل مەسىلىلەرنى يېشىپ بەرگەنىدى. مانا بۇ پەتىۋا تۈرغۈزۈشنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇنجى "مۇجتەھىد"دۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھېچقانداق ۋەھيى كەلمىگەن ئەھۋالدا، مەن دائىم ئۆز قارىشىم بويىچە سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھۆكۈم چىقىرىمەن." بۇ، كېيىنكى دەۋرلەردىكى فەقىھـلەرنىڭ پەتىۋا تۈرغۈزۈشىغا (ئىجتىھاد قىلىشىغا) ئاساس بولۇپ بەردى. ئىجتىھاد—«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ پرىنسىپلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شەرىئەتنىڭ پەتىۋالىرىنى بېكىتىپ چىقىشتۇر. بۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل ئۇسۇلى بار: 1. «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىكى ئېنىق ئىبارىلەرنىڭ سۆز مەنىسىگە ئاساسلىنىپ، شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈش، بۇ شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ كىتابىي ئاساسى دەپ ئاتىلىدۇ. 2. «قۇرئان كەرىم»، ھەدىسلەردىكى ئېنىق ئىبارىلەرنىڭ ئىچكى مەنىلىرىگە ئاساسلىنىپ، شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈش، يەنى مەلۇم ئىبارىدە تىلغا ئېلىنغان ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەن يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ خاراكتېرى يېقىنلاشسا، مۇشۇ ئىبارىنىڭ روھىغا ئاساسلىنىپ ياكى ئۇنىڭغا تەتبىقلاپ ھۆكۈم چىقىرىشتۇر. بۇ ئىلمى فىقھەدە شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ "قىياس" پرىنسىپى دەپ ئاتىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تۆت چوڭ خەلىپە دەۋرىگىچە شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ دائىرىسى ناھايىتى تار بولۇپ، پەقەت يېڭىدىن سادىر بولغان مەسىلىلەر ۋە ئىش-ھەرىكەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ، مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى شەكىللەنمىگەنىدى. ھەر قېتىم يېڭى مەسىلىلەرگە يولۇققاندا كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئاساس ئىزدەيتتى، كېيىنكى فەقىھلەر بۇنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ شەرىئەتتى دەپ ئاتىغان. ئەمما، "ئىجتىھاد" شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ مۇھىم ئىدىيە پرىنسىپى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەمەللەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەردىن باشقا، ئاساسلىقى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىتىلغان. ئىجتىھاد ياكى شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى پرىنسىپلىرى "ئىجمائ" ۋە "قىياس"تۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ ئۈزلۈكسىز تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇشى كۈنسايىن مۇرەككەپلىشىپ باردى، بولۇپمۇ پەن-مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان رايونلاردا، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان تېخىمۇ كۆپ يېڭى مەسىلىلەر كۆرۈلدى، شۇ ۋەجدىن يۇقىرىقى تۆت چوڭ پرىنسىپتىن پايدىلىنىپ، شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈپ چىقىش نۇرغۇنلىغان فەقىھلەرنىڭ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان ۋەزىپىسىگە ئايلاندى. 8—9-ئەسىرلەردە ئىلمى فىقھە ساھەسىدە ئارقا-ئارقىدىن ھەر خىل مەزھەپ ۋە ئىدىيە-خاھىشلار مەيدانغا كەلدى، گەرچە پرىنسىپ جەھەتتە ھەممىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنى شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ باش پرىنسىپى ۋە ئاساسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇلار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە تارىخىي ئەنئەنىسى بىردەك بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ پەتىۋا تۈرغۈزۈشتىكى پوزىتسىيىسى، پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىمۇ تامامەن ئوخشاش بولۇپ كەتمىدى. سۈننىي مەزھىپىدە ئاساسلىق ئىككى خىل خاھىش بارلىققا كەلدى: بىر خىلى، شەرىئەت پەتىۋالىرىنى تۈرغۈزۈشنىڭ تۆت چوڭ پرىنسىپىنى يېتەكچى قىلىش ئارقىلىق، شەخسىي كۆز قاراشقا ئاساسلىنىشتا ھەمدە "ئىستىھسان" (ياخشىلىرىنى تاللاش) پرىنسىپى ۋە ئەقىل-ئىدراكقا تايىنىپ پەتىۋا تۈرغۈزۈشتا چىڭ تۇرۇش، تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلماسلىق، ئادەت قائىدىلىرىنى ئەھۋالغا قاراپ قوللىنىش خاھىشى. بۇ مەزھەپنىڭ ۋەكىلى ئىراقتىكى ئەبۇ ھەنىفە(697—767) بولۇپ، كېيىن ھەنەفىيە مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن. يەنە بىر خىلى، مەدىنىدىكى ساھابىلەر بايان قىلغان ھەدىسلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىش ئارقىلىق پەتىۋا تۈرغۈزۈش ياكى ھەدىس ماددىلىرىنى بىۋاسىتە ھالدا شەرىئەت ئەھكامى قىلىپ بەلگىلەش، ياكى دەسلەپكى چاغدىكى مەدىنە ئاھالىسىنىڭ ھەرىكەت مىزانىغا ئاساسلىنىش خاھىشى. بۇ مەزھەپنىڭ ۋەكىلى ھىجاز رايونىدىكى مالىك (712—795) بولۇپ، كېيىن مالىكىيە مەزھىپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە شافىئىيە مەزھىپى ۋە ھەنبەلىيە مەزھىپى قاتارلىق مەزھەپلەرمۇ بار.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە پەقەت بىر قىسىم مەسىلىلەرگە قارىتالا پرىنسىپاللىق قائىدە ۋە پروگراممىا خاراكتېرلىك چەك-چېگرالار بەلگىلەپ بېرىلگەن، ئاۋۋال ئۆتكەن فەقىھلەر تۈرغۈزغان شەرىئەت پەتىۋالىرىنىڭ كېيىن يولۇققان بارلىق مەسىلىلەرگە نەق جاۋاب بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن "ئىجتىھاد" فەقىھلەرنىڭ پەتىۋا تۈرغۈزۈشىدىكى تۈرتكە ۋە پرىنسىپاللىق ئۇسۇل بولۇش سۈپىتى بىلەن، شەرىئەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى.

بۇنىڭ بىلەن شەرىئەت پەتىۋالىرى يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ماسلاشتۇرۇش ئالدىدا تولۇقلىنىپ ۋە بېيىپ باردى. بۇ ئەھۋال "ئىجتىھاد"نىڭ كىشىلەرگە بەرگەن مۇھىم بېشارىتى بولۇپ قالدى.

ئىلمى فىقھەدە بەلگىلىنىشىچە، پەتىۋاچىلار چوقۇم تۆۋەندىكىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك: 1. ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ گىرامماتىكىسى، بەلاغىتى (ئىستىلىستىكىسى) نى پۇختا ئىگىلىگەن بولۇش، دىنىي كىتابلارنىڭ مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنەلەيدىغان بولۇش. 2. «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىلمى قۇرئاننى ئىگىلىگەن بولۇش، ناسىخ ۋە مەنسۇخ ئايەتلەرنى پەرشىق بىلىش. 3. ھەدىس ۋە ئىلمى ھەدىسنى مۇكەممەل بىلىدىغان بولۇش، «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئالاقىدار ئەھكاملارنى ئېنىق تەپسىر قىلالايدىغان بولۇش. 4. ئىلمى فىقھەنى پىششىق بىلىش، ئۇنىڭ قائىدىلىرى بويىچە پەتىۋا تۇرغۇزالايدىغان بولۇش. 5. ئىجتىھادنى مۇكەممەل ئىشلىتەلەيدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش، ھەممە ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتالايدىغان، ئوبيېكتىپ ھالدا پەتىۋا چىقىرالايدىغان بولۇش.

بەزىلەر: يېقىنقى زاماندىن باشلاپ، كىشىلەر ئاۋۋالقىلار چىقىرىپ بەرگەن پەتىۋالارغا ئەمەل قىلىدىغان دەۋردە تۇرماقتا، شۇڭا، شەرىئەتنى تەتقىق قىلغۇچى فەقىھلەرنىڭ قابىلىيىتى ھەرقانچە كۈچلۈك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئۆز مەزھىپىنى بىنا قىلغۇچىلار بەلگىلەپ بەرگەن تەشەببۇسلار بىلەن زىتلاشماسلىقى لازىم، مەلۇم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئۆز ئالدىغا ئىجتىھاد قىلىدىغان، ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىشنى تېخىمۇ قىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى ئىجتىھاد دەۋرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتتى، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبلىك، "ئىجتىھاد يولى ئېتىلدى تەلىماتى" دېگەن نۇقتىئىنەزەر كېلىپ چىققان. بىراق، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار: پەقەت ئىسلام دىنى ۋە شەرىئەت مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئىجتىھاد يولى مەڭگۈ ئېتىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ ھەمدە ئىسلام دىنى ۋە شەرىئەتنىڭ تاكى بۈگۈنگىچەدەر داۋاملىشىپ كېلىشى دەل ئىجتىھاد يولىنىڭ كەڭ ئېچىقلىق ئىكەنلىكىدىن، دەپ ھېسابلايدۇ. يەمەندىكى سانالىق مودېرنىزمچى فەقىھ شەۋقانى (؟—1834): "شەرىئەتتىكى ئىجتىھاد يولى ئېتىلدى دەيدىغان تەلىماتتا چىڭ تۇرۇش، پۈتكۈل شەرىئەتنى تاشلاپ قويۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دەپ كۆرسەتكەنىدى. مىسىرنىڭ مودېرنىزمچى ئىسلاھاتچىسى مۇھەممەد ئابدۇھى (1849—1905) ئەقىل- پاراسەتنى ئىشلىتىپ، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىگە ھۆكۈم قىلىشنى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرھىلەرنىڭ مەنىلىرىنى يېڭىباشتىن چۈشەندۈرۈشنى شەرىئەت ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسى قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. پاكىستانلىق ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئىقبال (1877—1938) تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، "ئىجتىھاد—"ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپى دەپ كۆرسەتتى ۋە ئۇنى "ھەرىكەت قائىدىسى" دەپ ئاتىدى ھەمدە "ئىجتىھاد—"ھازىرقى زاماندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقى ھەم ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى، دەپ ھېسابلىدى. 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن، دەۋرنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مۇنداق بىر خىل يېڭى يۈزلىنىش مەيدانغا كەلدى: سۈننىي مەزھەپىدىكى نۇرغۇن ئالىملار ئارقا-ئارقىدىن كىتاب يېزىپ، ئۆز تەلىماتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكىدەك ھە دېسىلا دورامچىلىق قىلىدىغان، قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ئىدىيىنى تەنقىد قىلدى ھەمدە "ئىجتىھاد يولى"نى قايتىدىن ئېچىۋېتىشنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغان ئەقلىيچىلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئىسلام شەرىئىتى مەزمۇن جەھەتتىن ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭ بىرسى، ئاللاتائالا بىلەن مۆمىنلەرنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار، بۇ ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ، مۇقىم، ئۆزگەر-

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىككى ئالەملىك ئۇقتىسنەزىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

جېڭ جيەن

ئىسلام دىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان دىن، ئۇ، مۇسۇلمانلاردىن ھەم دىنىي ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، ئاللانى تونۇش-ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنى، ھەم بۇ دۇنيالىق گۈزەل ھاياتنى ئاكتىپ ئىزدەش ۋە يارىتىشنى، بۇ ئىككىسىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يۈكسەك پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى ئالىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ." (99-سۈرە، 8-ئايەت). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئېكىنلىگىن بۇ دۇنيانى، گويا مەڭگۈگە ياشايدىغاندەك؛ ئېكىنلىگىن ئاخىرەتنى، گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك." مانا بۇ ئايەت ۋە ھەدىسلەردە ئادەمنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ، ئېتىقادى بىلەن ئەمەلىنىڭ مۇناسىۋىتى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن، ئىسلام دىنىنىڭ يامان ئىشلارنى چەكلەپ، ياخشى ئىشلارنى تەرىپلەيدىغانلىقىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلگەن، ئىككى ئالەملىك نۇقتىسنەزەر مۇپەسسەل شەرھلەنگەن. مۇسۇلمانلار ئاخىرەتكە ئېتىقاد قىلغاندا، ئۆزىنىڭ قىلمىشى بىلەن ئۇنىڭ جاۋابىنى، بۇ دۇنيالىق ھاياتى بىلەن ئاخىرەتلىك قارارگاھىنى ئالاقىلاشتۇرۇشى لازىم. توغرا قىلمىش پاك ئېتىقادتىن كېلىدۇ، ئېتىقادنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا، ئىنسانلار جەمئىيەتكە تۆھپە قوشقىلى، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يولىنى ھەقىقىي تاپقىلى بولىدۇ. ئاللاتائالا پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدۇر، كىمكى ئاللاتائالا ئىنسانلارغا نامايان قىلىپ بەرگەن بىپايان ئالەمدە، ئاللاتائالا ئالەمگە ئاتا قىلغان ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىپ، توغرا يولدىن چەتنەپ كەتمىسە، شۇ ئىككى ئالەمنىڭ سائادەتمىنى بولالايدۇ، ئەكسىچە بولسا، مەغلۇبىيەتچى بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەر ھەق بىلەن ناھەقنى، ھالال بىلەن ھارامنى ئىدىيە جەھەتتىن روشەن پەرق ئېتىپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. نادانلىق بىلەن تەكەببۇرلۇق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئاچكۆزلۈك كىشىلەرنى ئاللاتائالانىڭ توغرا يولىدىن چەتنەتىپ، تۇرلۈك ھارام ئىشلارغا، مەسىلەن، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىش، خۇراپىيلىق ئادىمىيلىكنى يوقىتىش، نادانلىق ئىنسانپەرۋەرلىكنى، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇش، شۇنىڭ بىلەن ئالەمنىڭ ئومۇمىي

---

مەستۇر؛ يەنە بىرسى، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئالاقىدار مەزمۇنلار، بۇ خىلدىكى مەزمۇنلارنى دەۋر شارائىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ چۈشەندۈرۈشكە، تولۇقلاشقا بولىدۇ. ھازىرقى بىر قىسىم ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ "دارىل پەتىۋا" (پەتىۋاخانا) لارنى تەسىس قىلىشى مانا مۇشۇ مەقسەتتىن بولغان. كۆرۈشكە بولىدۇكى، "ئىجتىھاد"نى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر يولىدۇر.

قانۇنى بىلەن توقۇنۇشۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا گىرىپتار قىلىدۇ. تەڭپۇڭلۇق، مۇقىملىق ۋە ماسلىشىشچانلىق ئالەمنىڭ ئومۇمىي قانۇنى، شۇڭا ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلاردىن ئىككى ئالەمنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىككى ئالەمگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى تەكىتلەيدۇ.

## ماددىي دۇنيا بىلەن مەنىۋى دۇنيانى ئالاقىلەشتۈرۈپ قاراش نۇقتىئىنەزىرى

جەمئىيەت تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، دەۋر ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، كىمكى دەۋر دولقۇنىغا ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىغا ماسلاشماي، بىر ئىزدا توختاپ قالسا، ئالغا ئىنتىلمىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، دەۋر تەرىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. تارىخنىڭ قانۇنى مەڭگۈ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ دانىشمەنلىرىمۇ كىشىلەرنى تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ۋە دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە ماسلىشىشنى، ئاللاتائالا رازى بولىدىغان يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەشنى قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن. ئېتىقاد پەقەت ئىبىغىزدىلا ياكى ھېسسىي بىلىش ئۈستىدىلا چەكلىنىپ قالسا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىلىشى، سۆز بىلەن ھەرىكەت بىردەك بولۇشى كېرەك. ئىسلام دىنى روھىي دۇنيا بىلەن ماددىي دۇنيانى ئالاقىلەشتۈرۈشنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇ ئىنسانىي ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئىنكار قىلمايدۇ، بەلكى كىشىلەردىن ئىنسانىي ھاياتنىڭ مەزمۇنىنى تولۇقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ ئۇ زاھىدلىقنى تەشەببۇس قىلمايدۇ، بەلكى كىشىلەرنى پائال ئالغا ئىنتىلىشكە، ماددىي ھايات ئۈچۈن تىرىشىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. روھىي پەزىلەتنى يالغۇز زاھىدى ئىستىقامەت بىلەنلا ئۈستۈرگىلى بولمايدۇ، بەلكى ئاللاتائالانى تونۇش-ئاللاغا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ئېتىقاد ئاساسىدا، رېئال ھاياتنىڭ تاۋلىنىشى داۋامىدا ئۈستۈرۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: رېئال ھاياتتا ئۇچۇشسىز شارائىتنىڭ جەبىر-زۇلمىغا چىداشلىق بېرەلىگەن ئادەم، جەبىر-جاپانىڭ ئازابلىشىدىن قېچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالغۇچىدىن كۆپ كۈچلۈكتۇر.

ئىسلام دىنى بۇ دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە مۇنداق قارايدۇ: "بۇ دۇنيا ئاخىرەتنىڭ تېرىلغۇ يېرىدۇر"، يەنى ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت بۇ دۇنيادىكى تىرىكچىلىكتىكە ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا باغلىق. بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ قىممەت كۆز قارىشىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بەزى كىشىلەر ئەخلاق مىزانىنىڭ تىزگىنلىشىگە پەرۋا قىلماي ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىدە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كويىدىلا بولۇۋاتىدۇ، سەرگۈ ئەزالىرىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىلىپ كېتىپ، ئاخىرەتنى رېئاللىقتىن ئېشىپ كەتكەن، بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقىسى يوق تىلسىمات دەپ قاراۋاتىدۇ. ئىخلاسمەن بىر مۇسۇلمان ئىدىيە جەھەتتە ئىككى ئالەم مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئەتراپلىق، توغرا تونۇشقا ئىگە بولۇپ، ئاللاتائالا ئىنسانلار جەمئىيىتىگە ئاتا قىلغان چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنى ئۆز ھەرىكىتىدىلا گەۋدىلەندۈرۈپ قالماستىن، ئەقىل ۋە ئېتىقاد جەھەتتىمۇ ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇدۇنيادا قىلغان بارلىق ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىشى لازىم. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ھامان بىركۈنى تۈگەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلىشىشى ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ باشلىنىشىدۇر، ئادەم ھامان باشقا بىر ئالەمدە مەڭگۈ ياشايدۇ، شۇ چاغدا ئادەم ئۆزىنىڭ تېگىشلىك مۇكاپاتىنى ئالىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە ساۋابلىق ئىش قىلغانلار ئاخىرەتتە جەننەتنىڭ بەخت-سائادىتىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ، ئەمما ئاللاتائالانىڭ يولىدىن چىقىپ، ئاللاتائالانىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ئادا قىلمىغانلار ئۆز كۆرگۈلۈكىنى كۆرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان: "ھەربىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بوينىنچاق بوينىدىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە-ئەمالىنى كۆرستىمىز، ئۇ ئۇنى ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) 'نامە-ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا) ئۆزۈڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە' دېيىلىدۇ" (17-سۈرە، 13—14-ئايەتلەر).

## مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى مۇكەممەل بىر دىنىي ئەقىدە سىستېمىسى بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ، ئېتىقاد ۋە ئەخلاق، ماددىي ۋە مەنىۋى ھەم سىياسىي، ئىقتىساد قاتارلىق تەرەپلەردىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرگە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەقسىتىنى ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلاشنى، ئۆزى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مىللەتلەر ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى تونۇشنى ئۆگەتتى. خۇدايىتائالا كىشىلەرگە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ چىن ھەقىقىتىنى ئاتا قىلدى، رېئال تۇرمۇش مەڭگۈلۈك ئاخىرەتلىك تۇرمۇشنىڭ تەييارلىقىدۇر، بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلغۇچىلار نەپسى خاھىشىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، كىشىلەرنىڭ مال-دۇنياسى، شان-شەرىپى ۋە ئېرىشكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاللاتائالا ئاتا قىلغان، ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا قادىر. شۇڭا، تەقۋادار مۇسۇلمان ئۆزىنى چوڭ تۇتماسلىقى، ئۆزىنىڭ مال-دۇنيا-سى، شان-شەۋكىتى ۋە ھوقۇق-كۈچىنى كۆز-كۆز قىلماسلىقى كېرەك. ئەكسىچە، ئاللاتائالاغا ھەر ۋاقىت شۈكۈر-سانا قىلىشى لازىم، چۈنكى ھەربىر غەلىبە ئاللاتائالانىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» كىشىلەرنى قەيسەر، چىدامل‍ىق بولۇشقا، ئاللاتائالاغا تايىنىدىغان ئىدىيىنى ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەيدىغان روھنى تۇرغۇزۇشقا، پەرزلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىشقا، ئاللاتائالانىڭ رەھمىتىنى تىلەشكە ھەمدە ئاللاتائالانىڭ پاناھى بولغاندىلا ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولالايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. مانا بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدۇر.

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە ئەمەل ئۆلچىمى ئاللانى بىر دەپ تونۇش ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇنداق پاك ئېتىقاد كىشىلەرگە خاتىرجەملىك ۋە قانائەتچانلىق تۇيغۇسىنى بېرىدۇ. ئىدىيىسى ساپ، ھەرىكىتى توغرا بىر مۇسۇلمان دۇنيادىكى ھەممە ئىشنىڭ ئاللا ئىلكىدە بولىدىغانلىقىغا، ئەگەر ئاللاتائالا ئادەمزاتقا ئاتا قىلىشنى خالىسا، ئۇنى ھېچقانداق بىر كۈچ توسىيالمايدىغانلىقىغا، ئاللاتائالا خالىغىنىنى ئاتا قىلالايدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈشى كېرەك. ئاللاتائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئوي-پىكىرلىرىدىن تېخىمۇ تولۇق خەۋەرداردۇر. ئەگەر بىزدىن بىرەر سەۋەنلىك ئۆتسە، باشقىلاردىن يوشۇرالىساقمۇ، ئاللاتائالادىن ھەرگىز يوشۇرالمايمىز. بۇنداق ئېتىقاد قانچە كۈچلۈك بولسا، ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىنى بەجا كەلتۈرۈش شۇنچە ئۇزۇل-كېسىل بولىدۇ، كېچىسى يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ يامان ئىشلارنى تەرك ئېتەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاللاتائالاغا ئېتىقاد قىلىش ئەڭ توپ پرىنسىپ، شۇنداقلا بارلىق ئەخلاق-پەزىلەتنىڭ ئاساسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل-مال نۇقتىئىنەزىرى

ما چېڭئىن

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بېرى، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى، كىشىلەرنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىمۇ كۈندىن-كۈنگە ئۆستى. بايلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان پۇل-مال ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇن تۇتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، پۇلغا چوقۇنۇش، پۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان خاھىش شۇنىڭدەك قولدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىپ، پۇل-مال شۇلۇۋېلىش، مال-مۈلۈك ۋە مەبلەغنى بۇزۇپ-چېچىشتەك قىلمىشلار جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى بۇزماقتا. توغرا پۇل-مال نۇقتىئىنەزىرىنى تىكلەش ئۈچۈن، تۆۋەندە پۇل-مالغا تۇتۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيە، باي بولۇش يولى، مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

پۇل—ئىقتىسادىي ساھەدە مەبلەغ سۈپىتىدە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتنى كاپالەتلەندۈرىدىغان تەڭ قىممەتلىك بويۇم؛ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇ، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك قىلىش شەرتلىرىدىن بىرى، پۇل كۆپ بولسا، تۇرمۇش باياشات ئۆتىدۇ، پۇل ئاز بولسا، تۇرمۇش غورىگۈل ئۆتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، پۇل-مالنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشى ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتىغا باغلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە قابىلىيىتىگە تايىنىپ، قانۇنلۇق پۇل-مالغا ئېرىشسە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ: ”شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ رىزقىنى تار قىلىدۇ“ (17-سۈرە، 30-ئايەت). شۇڭا ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىشلىرىدىن پايدا تاپقاندا كۆرەڭلىمەسلىكى، زىيان تارتقاندا مەيۈسلەنمەسلىكى كېرەك.

پۇل-مال خۇددى باشقا شەيئىلەرگە ئوخشاش ئىككى ياقلىملىقىقا ئىگە (ھەم پايدىلىق، ھەم زىيانلىق). شۇڭا، پۇل-مالنىڭ مول بولۇشى، تۇرمۇشنىڭ باياشات ئۆتۈشىنى نوقۇل ھالدا ياخشى ئىش دەپ قارىماسلىق كېرەك؛ پۇل-مال كۆپىيىپ، تۇرمۇش باياشات بولغاندا، ئەگەر ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئۇمۇ ئاۋارىچىلىك ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» بىزگە مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ: ”بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، باللىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللانىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار“ (8-سۈرە، 28-ئايەت). پۇل-مال كىشىلەرنىڭ قولىدا پەقەت ۋاقىتلىق ئامانەت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ساقلىنىدۇ؛ دۆلەتمەن ئۆتۈش بىرەر ئادەم، بىرەر ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇزاققىچە ئۆزگەرمەيدىغان ئەھۋالمۇ ئەمەس. ئاللاتائالا كىمنى دۆلەتمەن قىلىشنى خالىسا، غەنىيمەت پەيتلەر ئارقىلىق پۇل-مال شۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ، ئاللاتائالا كىمنى نامرات قىلىشنى خالىسا، بۇمۇ ئاللاتائالانىڭ خالىغىنىچە بولىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر پۇل-مالغا قارىتا توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئادەم بىلەن پۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ۋە پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلالايدۇ.

مۇسۇلمانلار باي بولۇشتا، قانۇنسىز ئىشلارنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك. ئالدى-ساتتىدا سەممىي

بولۇشى، جىڭ-تارازىدا ئادىل بولۇشى، هارام پۇلدىن خالىي بولۇشى، باشقىلارنىڭ هاۋالىسىنى ساداقەتمەن-لىك بىلەن بىجىرىپ بېرىشى؛ ئوغرىلىق قىلماسلىقى، قىمار ئوينىماسلىقى، جازانىخورلۇق قىلماسلىقى، توختامنى بۇزماسلىقى، يېتىم-يېسىرلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئىگىلىۋالماسلىقى، قاقتى-سوقتىلىق ۋە ئالدامچىلىق قىلماسلىقى، بېسىمدارلىق قىلماسلىقى كېرەك. بۇلارنىڭ هەممىسى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئىشلاردۇر. ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن باشقىلارنىڭ مال-مۈلكىنى شۇلۇۋالىدىغان قىلمىشلار «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق چەكلەنگەن: "بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناهەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن هاكىملارغا پارا بەرمەڭلەر" (2-سۈرە، 188-ئايەت).

هارام ۋاستىلەر بىلەن ئېرىشكەن پۇل-ماللارنى ئىشلىتىشمۇ هارام بولىدۇ. بۇنداق پۇل-ماللارنى سەدىقە بېرىشكە ۋە مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئاجىزلارنى يۆلەپ، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش، خەير-ساخاۋەت قىلغانلارنى مەدھىيلەش، بېخىل-ئاچكۆزلەرنى سۆكۈش، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەش ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى، هەربىر مۇسۇلمان بۇنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىجرا قىلىشى كېرەك.

ئاجىزلارنى يۆلەش-يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، خەير-ساخاۋەت قىلىش مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى بايلار-نىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر، بۇنى زاكات بېرىش يولى بىلەنمۇ قىلىشقا بولىدۇ. زاكاتنىڭ ئىشلىتىلىشى «قۇرئان كەرىم»دە ئوچۇق بەلگىلەنگەن: "زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر" (9-سۈرە، 60-ئايەت). ئۇنىڭدىن سىرت، سەدىقىنى يوقسۇللارغا بېرىشتىن باشقا، مەسچىت سېلىش، مەكتەپ سېلىش، يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن هەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ژۇرنال چىقىرىشقا ئىئانە قىلغان سەدىقىسىمۇ ئاللاتائالانىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: "سىلەرنىڭ ئاللا يولىدا سەرپ قىلغىنىڭلار مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، سىلەرگە ئۇنىڭ ساۋابى تولۇق بېرىلىدۇ، سىلەرگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى بۇ ساۋابتىن هېچ نەرسە كېمەيتىلمەيدۇ" (8-سۈرە، 60-ئايەت).

بېخىللىق-ئاچكۆزلۈك ئىسلام دىنى ئەيىبلەيدىغان يامان قىلمىشتۇر. بېخىللارنىڭ مال-مۈلكى خۇددى ئۆلۈك سۇغا ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭدا هەم بېلىق باققىلى بولمايدۇ، هەم ئېقىتىپ يەر سۇغارغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ جەمئىيەتكىمۇ، باشقىلارغىمۇ قىلچە پايدىسى تەگمەيدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىل-گەن: "ئاللا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللانىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى هەممە نەرسە ئاللانىڭ مۈلكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللانىڭ دەرگاهىغا قايتىدۇ). ئاللا قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر" (3-سۈرە، 180-ئايەت).

پۇل—ماددىنىڭ ئالامىتى، پۇلنى بۇزۇپ-چېچىپ، ئىسراپ قىلىش ئەمەلىيەتتە ئەمگەك مېۋىلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىق ۋە ئىسراپ قىلغانلىقتۇر، ئىسلام دىنى بۇنداق ئىشلارنى قاتتىق چەكلەيدۇ.

# مۇسۇلمانلاردىكى ۋاپادارلىق

▲ چېك فالى ▲

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:”ھەقىقەتەن ئاللانىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام(دىنى) دۇر“ (3-سۈرە، 19-ئايەت). ئىسلام دىنى ئاللاتائالا ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن دىن. ئىسلام دىنى ئىلاھىيلىق بىلەن ئىنسانىيلىقنىڭ تەڭ ئېلىپ بېرىلىشىنى، ئىلاھىيلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىچكى (روھى) دۇنياسىنى، ئىنسانىيلىق ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تاشقى دۇنياسىنى(ئىش-ھەرىكەتلىرىنى) تىزگىنلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ھەمدە ھەر ئىككى دۇنياغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر ئىككى جەھەتتىن يېتىلىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىلاھىيلىق جەھەتتە، ئاللادىن قورقۇش، ئاللاغا ئىبادەت قىلىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ، ئىنسانىيلىق جەھەتتە، ئاسىلىقى ۋاپادارلىقنى، نۇقتىلىق ھالدا ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقنى تەكىتلەيدۇ.

«مەجالىس ئىرشادىيە» («يېتەكچى قوللانما») دە مۇنداق بىر رىۋايەت خاتىرىلەنگەن: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاقتىدا ئەلقەمە ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ. بىر كىشى شۇ ھامان مەسچىتكە بېرىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تېپىپ ئۇنىڭغا: ”ئەلقەمە ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ يوقلاپ قويغان بولساڭ“ دەپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەلى قاتارلىق كىشىلەرنى يوقلاشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ئەلقەمەنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، چىشلىرىنى كىرىشتۈرگىنىچە لام-جىم دېمەي ياتقۇدەك. ئۇنى دەرھال شاھادەت ئېيتىشقا ئۈندەپتۇ. بىراق، ھېچقانداق شەپە كۆرۈلمەپتۇ. ئۇلار ئەھۋالنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلىپ، شۇ زامان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قايتىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن: ”ئۇنىڭ ئۆيىدە كىملەر بار ئىكەن؟“ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار: ”قېرىپ قالغان ئانىسى بار ئىكەن“ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئانىسىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئانىسىدىن: ”ئوغلۇڭ شەرىئەتكە خىلاپ قانداق ئىشلارنى سادىر قىلغان؟“ دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئايال: ”ئوغلۇم بەش پەرزنى ھېچقانداق نۇقسانسىز ئادا قىلاتتى، بىراق، ئۇنىڭ بىر ئىشى مېنىڭ كۆڭلۈمنى زېدە قىلغان، ئۇ دائىم خوتۇنىغا بولۇشۇپ، ماڭا ياناتتى، شۇڭا مەن ھەرگىز ئۇنىڭغا رازىلىق بەرمەيمەن“ دەپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇ ئايالغا نەسىھەت قىلىپ، ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىدىن رازى بولۇش-بولماسلىقىنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپتۇ. ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەرقانچە نەسىھەت قىلسىمۇ، ئەلقەمەنىڭ ئانىسى يەنىلا ئوغلىنى ئەپۇ قىلىشقا ئۇنىماپتۇ. شۇ چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە: ”سىلەر ئوتۇن ئەكىلىپ ئەلقەمەنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار“ دەپتۇ. ئەلقەمەنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپتۇ ۋە دەرھال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سوراپتۇ: ”بۇ سىنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟“. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: ”جەننەتنىڭ ئاچقۇچى ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا كۆمۈكلۈك، ئوغلۇڭنىڭ ئىبادىتى ھەرقانچە تاكامۇل بولسىمۇ، سېنىڭ رازىلىقىڭ بولمىسا يەنىلا دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇنىڭ ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىنى تارتقىنىدىن ھازىرلا ئوت ئازابىنى تارتىپ

كۆرگىنى تۇرۇۋاتقان، چۈنكى بۇ دۇنيانىڭ ئۆتى دوزاخ ئوتى ئالدىدا ھېچ نېمىگە ئەرزىمەيدۇ» دېدى. ئەلقەمەنىڭ ئانىسى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا، ئاندىن: «ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! گۇۋاھلىق بەرگىنكى، مەن ئوغلۇمغا رازىلىق بەردىم» دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: «سىلەر ئەمدى بېرىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟» دېدى. ساھابىلەر بېرىپ ئەلقەمەنىڭ شاھادەت ئېيتىپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان مۇسۇلمانلار ناھايىتى تەسىرلىنىپتۇ.

ئېھتىمال بەزىلەر: «ئىسلام دىنى ۋاپادارلىقنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەكىتلەيدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ھەدىس شەرىپ شۇنداق جاۋاب بېرىدۇكى، ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش يالغۇز ئىنسانىيلىقنىلا كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئىلاھىيلىق بىلەنمۇ ناھايىتى زىچ ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە — يەر-زېمىن ئاللاغا ۋەكالىتەن نەرسىلەرنى پەرۋىش قىلىدۇ، ئاتا-ئانىلار ئاللاغا ۋەكالىتەن ئىنساننى پەرۋىش قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالادىن دۇنيانى يارىتىشىڭدا قانداق سىر بار؟ دەپ سورىغاندا، ئاللاتائالا ۋەھيى بېرىپ: «مەن خۇددى يوشۇرۇپ قويۇلغان بىباھا گۆھەرگە ئوخشايمەن، كىشىلەرنىڭ مېنى بىلىشىنى ياقتۇرىمەن، شۇڭا، ئىنساننى ۋە نەرسىلەرنى ياراتتىم» دېگەن. بۇ، پۈتكۈل مەۋجۇداتلار يارىتىلىشتىن بۇرۇن، ئاللاتائالا زاتىدىن بىلەك ھېچقانداق مەۋجۇدات يوق ئىدى، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاتائالا ياراتقان مەۋجۇداتلارنى ئىقتىدار، ھاياتىي كۈچ، سېزىم، ئەقىل-ئىدراكتىن ئىبارەت تۆت قاتلامغا ئايرىش مۇمكىن. يەنى كان بايلىقلىرىغا ئىقتىدار، ئۆسۈملۈكلەرگە ھاياتىي كۈچ، ھايۋانلارغا سېزىم، ئىنسانلارغا ئەقىل-ئىدراك ئاتا قىلىنغان. ئەقىل-ئىدراك ئەڭ يۇقىرى قاتلامدا تۇرىدۇ، ئۇ پەقەت ئىنسانلارغىلا مەنسۇپ بولۇپ، ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئالاھىدە ئۇلۇغ ھىممىتى، بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنى ئەقىل-ئىدراك ئىشلىتىپ ھەق-ناھەق، راست-يالغان، ياخشى-يامانىنى ئېنىق ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان ھەمدە ئەقىل-ئىدراك ئارقىلىق ئېتىقاد پەيدا قىلغان، ئاندىن ئېتىقاد ئارقىلىق كۈچ-قۇۋۋەت پەيدا قىلغان. شۇڭا، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، توغرا ئېتىقاد ياخشى ئەمەللەرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئۇ ئىنسانلارنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ بىپايان زېمىنىغا باشلاپ كىرىدۇ. ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ نەسىل قالدۇرۇپ، كۆپىيىشىدىكى ئاساسىي شەرت ئاتا مەنىسى بىلەن ئانا قېنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىشقا ئاللاغا ۋەكالىتەن ئىنساننى پەرۋىش قىلىشنىڭ سىرىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەملەشكەن.

ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتە، دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ پاك، ئەڭ مېھرىبان نەرسە ئانا مېھرىدۇر، ئۇنى ھېچقانداق مېھىر-مۇھەببەت بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاللاغا ۋەكالىتەن ئىنساننى پەرۋىش قىلىشتەك سىر يوشۇرۇنغان. «قۇرئان كەرىم» دە: «بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر» (46-سۈرە، 15-ئايەت). ئادەتتە ھامىلدارلىق مەزگىلى توققۇز ئاي بولىدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ئۇزاق بولىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. ئومۇمەن، ئانىنىڭ ھامىلدار بولۇشى بىر جاپالىق ئىشتۇر. ھامىلىنىڭ ئانا قورسىقىدا يېتىلىش جەريانى «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئاندىن ئۇنى بىز پۇختا قارارگاھ (يەنى بەچچىدان) دا (جايلاشقان) ئابمەنى قىلدۇق. ئاندىن ئابمەنىنى لەختە قانغا ئايلاندۇردۇق. ئاندىن لەختە قاننى پارچە گۆشكە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن پارچە گۆشنى سۆڭەككە ئايلاندۇردۇق، ئاندىن سۆڭەككە گۆش قوندۇردۇق، ئاندىن ئۇنى (جان كىرگۈزۈپ) باشقا مەخلۇققا ئايلاندۇردۇق» (23-سۈرە، 13—14-ئايەتلەر). مۇفەسسىر (تەپسىرشۇناس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

) لار بۇنى مۇنداق چۈشەندۈردۇ: ئىنسان ئەسلى ئاتىسىنىڭ غولىدىكى بىر تېمىم ئابىمەنى بولۇپ [illegible] ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ھەرىكەت قىلىپ 40 كۈندىن كېيىن ئۇرۇق توپچىسىغا ئايلىنىدۇ، يەنە 40 كۈندە بىر پارچە لەختە قانغا، يەنە 40 كۈندە بىر پارچە گۆشكە ئايلىنىدۇ، 120 كۈندىن كېيىن، ئاللاتائالا پەرىشتىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭغا روھ كىرگۈزىدۇ، مىكائىل پەرىشتە يەنە ھامىلىگە چىراي-تۇرۇقنى، يەنى قول، پۇت، سۆڭەك، ئىچكى بەش ئەزا، تاشقى بەش ئەزا قاتارلىقلارنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئاجايىپ قاملاشقان ھالدا جايى-جايىدا، كۆركەم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ھەرگىز ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ: ئەر-ئاياللار بىرگە بولسىلا، توققۇز ئايدىن كېيىن بالا تۇغۇلىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، يۇقىرىقىدەك ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن جاي-جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇش پۈتۈنلەي ئانىنىڭ قورسىقىدا پۈتۈپ چىقىدۇ، ئانا بۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەتلەرنى تارتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالا: ”ئۇنىڭ ئانىسى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈردى“ دەيدۇ. ئانا ئۆز پەرزەنتىنى تۇغۇپ، ئۆستۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور يۈرەك قېنىنى ۋە ھالال تەرىنى سەرپ قىلىدۇ، پۈتكۈل مېھىر-مۇھەببىتىنى بېغىشلايدۇ، بالا مېھرى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قات-قاتلىرىغا ئورنىشىپ كېتىدۇ. پەرزەنتلىرىگە پۈتكۈل يۈرەك قېنىنى بېغىشلايدىغان ئانا مۇھەببىتى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ پاك مۇھەببىتىدۇر، يۈرەكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇھەببەتتۇر. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئەدەپ-ئەخلاق رېتىدە ئەڭ باشقا قويىدۇ.

كىتابلاردا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: ئى، خۇدانىڭ ئەلچىسى، مېنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ئادىمىم كىم؟ دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ئاناڭ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ؟ دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ئاناڭ، دېدى. ئۇ ئادەم: ئاندىن قالسىچۇ دەپ سورىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ئاندىن قالسا ئاتاڭ، دېدى. يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ، بىر جۈپ ئەر-خوتۇن نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەر ئىككىلىسى بالىنى ئۆزىگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى بۇ بالىنى ئۆزىگە بېرىشنى ئويلايدىكەن. ئەر: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: ”ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! بالا مېنىڭ سۆڭەك-ئۇستىخانلىرىمدىن بولغان، شۇڭا بالىنى ماڭا بۇيرۇپ بەرسەڭ“ دەپتۇ. ئايال: ”ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! مەن جاپا-مۇشەققەت تارتىپ بۇ بالىغا ھامىلدار بولغان، مىڭ تەسلىكتە ئۇنى چوڭ قىلدىم. شۇڭا بۇ بالىنى ماڭا بۇيرۇپ بەرسەڭ“ دەپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بالىنى ئايالغا بۇيرۇپ بېرىپتۇ. بۇ ئاتا-ئانىنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشىدە ئانىنىڭ تارتقان ئەجرىسى ئاتىغا قارىغاندا زور بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەھلىل قىلساق، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئىنسان نېمىدىن يارىتىلغانلىقىغا قارىسۇن. ئۇ ئېتىلىپ چىققۇچى مەنىدىن يارىتىلدى“ (86-سۈرە، 5—6-ئايەتلەر). ئىنسان ئەسلى ئاتىسىنىڭ ئومۇرتقىسىدىكى بىر تېمىم ئابىمەنىنىڭ، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى سېرىق سۇ بىلەن بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. ۋەھالەنكى، قوۋۇرغا سۆڭىكى يۈرەككە يېقىن جايلاشقان، يۈرەك بولسا قان بۇلىقى، شۇنداقلا، ئەڭ كۈيۈمچان تەركىبتۇر. شۇڭلاشقا ئانىنىڭ بالىغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتى ھەممىدىن چوڭقۇر بولىدۇ. شۇ ۋەجدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقنى ھايات چاغدىكى ۋاپادارلىق ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى ۋاپادارلىق دەپ ئىككى باسقۇچقا بولۇپ قارايدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "پەرۋەردىگارىڭ پەقەت، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە: 'ئى، پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن" (17-سۈرە، 23—24-ئايەتلەر). بۇ ئايەتلەردە ئاللاتائالانىڭ يېگانە ئاللاغا ئىبادەت قىلىش، ئاتا-ئانىلارغا ۋاپادار بولۇش دېگەن ئىككى تۈرلۈك ئەمرى چۈشۈرۈلگەن. يۇقىرىقى ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا دۇئا قىلىشى پەرز (ئاللاتائالانىڭ ئەمرى) دۇر. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! مەن قېرىپ قالغان ئانامنى ھۆرمەتلەپ ئۇنىڭغا كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچمەك بېرىپ بېقىۋاتىمەن. يەنە دائىم ئۇنى يۈدۈپ بىر يەرلەرگە ئاپىرىمەن، مەن بالىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ بولدۇمۇ؟" دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ياق، تېخى ئاران ئۇندىن بىرىنى ئادا قىلدىڭ" دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى، ئانىنىڭ پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈشىدىكى تۈپ مەقسىتى ئۇلارنى قاتارغا قوشۇپ مۇستەقىل ئىش تۇتالايدىغان قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ناھايىتى نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى ۋە ھالال تەرىنى سەرپ قىلىدۇ؛ ئەمما، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بولغان ۋاپادارلىقى پەقەتلا ئۇلار ياشىنىپ ئاجىزلاپ قالغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشلا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلەر ئاتا-ئانىسى ياشىنىپ قالغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئازادە، كۆڭۈللۈك، بەختلىك شارائىت يارىتىپ بېرىپ، ئاللاتائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان مېھىر-شەپقىتىنى پەرزەنتلەر ئۆزى ئارقىلىق نامايان قىلىشى لازىم.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىدا يەنە، ئاتا-ئانىنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى تۈگەپ كەتمەيدۇ، ئاللاتائالا دەرگاھىغا كەتكەن ئاتا-ئانا ئۈچۈن "دۇئا" قىلىشمۇ ۋاپادارلىقنىڭ بىر ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەنىدى: "قەبرە—يا بىر پارچە گۈلزارلىق، يا لاۋۇلداپ تۇرغان بىر ئوتخان. ئەگەر ئالدىنقىسىدەك بولسا، ئاللاتائالاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانا ئېيتىش لازىم. ئەگەر كېيىنكىسىدەك بولسا، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنى قۇتقۇزۇپ، ئېغىر جازالاردىن ساقىت قىلىشى ئۇلارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىدۇر." كىتابتا ئېيتىلىشىچە: كىمكى ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىسا ۋە ئۇنىڭ روھىغا "دۇئا" قىلسا، ئاللاتائالا پەرىشتىلەرگە ئەمر قىلىپ، بۇنىڭغا ۋاپادار پەرزەنتلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىدۇ، «شەرىئە ئىسلامىيە» («ئىسلام شەرىئىتى») دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە: بىر كىشى ئاتا-ئانىسىنى قايرىپ قويۇپ پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئىبادەت قىلسا، ئۇ كىشى نامراتلىقتا قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنداقتا، ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاتا-ئانىغا قانداق ۋاپادارلىق قىلىش كېرەك؟ كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: 1. ئاتا-ئانىنىڭ ۋاپات بولۇپ كېتىشى بىلەن، ئۇلار بىلەن بولغان روھىي جەھەتتىكى ئالاقىنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويماسلىق. 2. ئاتا-ئانىنىڭ قەرزلىرىنى (غەيرىي دىنىي ۋە دىنىي قەرزلىرىنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى) قايتۇرۇش. شەرىئەتتە بەلگىلىنىشىچە، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھايات ۋاقىتتىكى قەرزلىرىنى قايتۇرۇش ۋاجىپتۇر، بۇ،

# مۇسۇلمانلار باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشى لازىم

دىلى جىپپەك ئاخۇن

دىنىي قېرىنداشلار، ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "مۆمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللادىن قورقۇڭلار" (49-سۈرە، 10-ئايەت).

بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت "قېرىنداش" سۆزى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ بىزگە: ئورتاق ئېتىقاد مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى باغلاپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئاكا-ئۇكىلىق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا، بۇنداق مۇناسىۋەتنى قانداق ساقلاش كېرەك؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى قانداق قوغداش كېرەك؟ بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە ناھايىتى ئېنىق سۆزلەنگەن: "ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ

ئاتا-ئانىلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئادا قىلىپ بولالمىغان روزا، نامازلىرىنى تولۇقلاپ ئادا قىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەدىس شەرىپتە رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: "ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! ئانام ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىشتىن بۇرۇن بىر ئايدەك روزىسىنى ئادا قىلالمىغان، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادا قىلسام بولامدۇ؟" دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئەگەر ئاناڭ باشقىلارنىڭ پۇل-مېلىغا قەرزدار بولغان بولسا، سەن ئۇنى قايتۇرامتىڭ؟" دېگەن. ھېلىقى ئايال: "مەن چوقۇم ئانامنىڭ قەرزىنى قايتۇراتتىم" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئۇنداقتا، ئاناڭنىڭ ئاللا ئالدىدىكى قەرزىنى تېخىمۇ قايتۇرۇشۇڭ لازىم" دېگەن. 3. ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش، شەرىئەتتە بەلگىلىنىشچە، ئاتا-ئانىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىشمۇ پەرزەنتلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، بۇ جەھەتتە نەيرەڭ ئىشلىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ۋەسىيەتتە ھەقىقەتەن بىر تەرەپكە يان باسقان ئەھۋاللار بولسا، ھەق مەيداندا تۇرۇپ ئۆزگەرتسە بولىدۇ. 4. ئاتا-ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىنى دائىم يوقلاپ تۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ "دۇئا" قىلىش. 5. ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ سەدىقە بېرىش. ئۇنىڭ رەھمەتى ئاتا-ئانىسىغا بولىدۇ، سەدىقە بەرگۈچىمۇ ئوخشاش ساۋابىنى ئالىدۇ. 6. ئاتا-ئانىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست-يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش. كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئاتا-ئانىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى دوست-يارانلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئاتا-ئانىغا قىلىنغان ۋاپادارلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. 7. ئاتا-ئانىنىڭ روھىغا ئاتاپ ئىككى رەكئەت زوھا نامىزى ئوقۇش. بۇ نامازنىڭ ۋاقتى بامدات نامىزىدىن كېيىن، ناشتىدىن بۇرۇن بولىدۇ. 8. نىيەت بىلەن ھەر خىل ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش، ئۇنىڭ رەھمەتىنى ئاتا-ئانىنىڭ روھىغا ئاتاش. 9. ھەر قېتىملىق نامىزىدىن كېيىن، ئاتا-ئانىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش، بۇ ئاللاتائالانى ئەڭ رازى قىلىدىغان ئىشتۇر.

غەيۋەتنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللادىن قورقۇڭلار، ئاللا (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر» (49 ـ سۈرە، 12 ـ ئايەت). شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەلىمى بويىچە، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم.

بىلىشىمىز كېرەككى، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش خۇددى ئۇلارنىڭ مۇسكۇل تېرىلىرىنى سويۇۋالغانغا ئوخشاش. «قۇرئان كەرىم» ئايىتىدە، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئۆز قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەنلىك بولىدىغانلىقىغا تەمسىل قىلىنغان، شۇڭا باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئىنتايىن قەبىھ ئىشتۇر! گەرچە كىشىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان بولسىمۇ، «قۇرئان كەرىم» ئايىتىدە «ئۆلگەن قېرىندىشىنىڭ گۆشىنى يېگەنلىك» بولىدۇ، دەپ تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش خاھىشىغا بولغان يىرگىنىش تۇيغۇسىنى ئېخىمۇ قوزغىغان. بۇ بىزنى: ئى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك، ئەقىل ـ ئىدراكلىق مۇسۇلمانلار، سىلەر باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن نەپرەتلىنىشىڭلار كېرەك! دەپ ئاگاھلاندۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى: «ئى، تىلى بىلەن ئىمان ئېيتقان، ئىمان دىلىغا ئورناشمىغانلار جامائەسى، مۇسۇلمانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماڭلار، كىمكى ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئاچىدۇ، ئاللا ئەيىبىنى ئاچقان ئادەمنى ئاللا ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدىلا رەسۋا قىلىدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام غەيۋەت قىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاغزىدىلا ئىمان ئېيتىپ، دىلىدا ئىمان ئېيتمىغانلار قاتارىغا قويىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غەيۋەت قىلىش ھارامدۇر. ساھابىلەردىن ئىبنى ئابباس مۇنداق دېگەن: «باشقىلارنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى ئۇستىدە گەپ ئاچقىنىڭدا، ئۆزۈڭنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما.»

يۇقىرىقىلارنى يىغىپ ئېيتساق، بىز مۇسۇلمان ئىكەنمىز، ھەرگىز باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىقىمىز، ھەم غەيۋەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىنى ئاڭلىماسلىقىمىز، ھەم ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك. ئەگەر بىز بۇنداق سەۋەنلىكلەرنى سادىر قىلىپ قويغان بولساق، ئاۋۋال ئاللا ئالدىدا تەۋبە قىلىشىمىز ھەمدە بىز غەيۋىتىنى قىلغان كىشىگە ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىشىمىز كېرەك. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئۆزرەخالىق ئېيتىشنى كىچىكتۈرۈش باشقىلارغا ئۇۋال قىلىشتۇر» دېگەنىدى. ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ؟ ئالدى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنىڭ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىپ، ۋۇجۇدىمىزنى، قەلبىمىزنى پاكلاشتۇرۇشىمىز، ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاللاغا ئىبادەت قىلىشىمىز ھەمدە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز بىلەن دائىم سىردىشىپ، پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشىمىز، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. مانا بۇ غەيۋەتنى داۋالاشنىڭ ياخشى دورىسى، ئەگەر بىز ئىخلاسمەنلىك بىلەن قىلغان ئىبادەتلىرىمىز ئارقىلىق نىيەت ـ ئىقبالىمىزنى ئاقلايدىغانلا بولساق، ھەسەتخورلۇق، مەسخىرىۋازلىق، باشقىلارنى كولدۇرلىتىش، باشقىلارنى چۈشۈرۈش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۇستۇرۇشتەك غەيۋەت ـ شىكايەت ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇپ تۈگىتەلەيمىز.

ھۆرمەتلىك دىنىي قېرىنداشلار! بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپ تەلىماتلىرىنى نەسھەت دەپ بىلىپ، ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى مۇسۇلمانلاردىن بولايلى.

www.uyghurkitap.com



# مۇسۇلمانلار قىماردىن يىراق بولۇشى كېرەك

جىيا شىپىڭ ئاخۇن

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر، بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار. شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى نامازدىن، ئاللانى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ، سىلەر ئەمدى(ھاراقتىن، قىماردىن يانامسىلەر؟“(5-سۈرە، 90—91-ئايەتلەر).

دىنىي قېرىنداشلار!

يۇقىرىدىكى ئايەتلەر بىزگە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى بۇنداق ئىشلاردىن يىراق بولۇش ۋە قول ئۈزۈشكە ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ ئايەتتە ئاللاتائالا قىمار ئويناشنىڭ پاسكىنا قىلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، مانا بۇ قىمار ئويناشنىڭ بىر خىل رەزىل ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئايەتتە يەنە ”يىراق بولۇڭلار“ دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان، بۇ تەرك ئېتىش دېگەن سۆزدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. ”يىراق بولۇڭلار“ دېگەن بۇ سۆز بىزگە قىمار ئويناشنىڭ ئۆزى ھارام بولۇپلا قالماي، بەلكى قىمار بۇيۇملىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، جەزخورلۇق قىلىپ، قىمارۋازلارغا تاۋكا تەييارلاپ بېرىش، شارائىت يارىتىپ بېرىشنىڭمۇ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاتائالا مەنئى قىلغان ئىشلارغا داخىل بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا يېقىنلىشىپ قويۇشمۇ خەتەرلىك، زىيانلىقتۇر. شۇڭا ئاللاتائالا بىزنى قىمار ئويناشتىن ”يىراق بولۇڭلار“ دەپ ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق، قىمار ئويناشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

قىماردا ئۇتۇش ياكى ئۇتتۇرۇش بولسۇن، ئۇنىڭ قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، تۆگەل ھارام جۈملىسىگە كىرىدۇ. قىمار ئويناش كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ، خەۋپ-خەتەرگە ئىتتىرىدۇ، دوستنى دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدۇ، ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، ئائىلىدە ئىناقسىزلىق تۇغدۇرىدۇ، ھەتتا ئائىلىنى ۋە تىرىكچىلىكنى خانىۋەيران قىلىدۇ. شۇنداقلا ئاللاتائالانى ياد ئېتىشنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ھالبۇكى، قىماردىن ئىككى خىل نەتىجە چىقىدۇ. بىر خىلى ئۇتتۇرۇش، يەنە بىر خىلى ئۇتۇش، ئۇتتۇرساڭ ئۆز قان-تەرىڭنى ئاققۇزۇپ تاپقان پۇل بىلەن بويىنۇڭغا سىرتماق سالغان بولىسەن، ئۇتساڭمۇ ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزۈڭگە زەھەرلىك دورا تەييارلىغان بولىسەن، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتى سەن ئۈچۈن پايدىسىزدۇر. قىمار ئويناپ ئۇتتۇۋالغان پۇلغا سېتىۋالغان يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر. ئەگەر ئائىلەڭدىكىلەر ئۇ نەرسىنى ئىشلەتسە، ئۇلارغىمۇ ناپاكلىق يۇققان بولىدۇ. ”بۇ پۇلنى سەدىقە قىلىۋەتسە بولامدۇ-يوق؟“ ئۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”بىراۋنىڭ ھارام پۇل-مالنى سەدىقە قىلىشى خۇددى سۈيدۈك بىلەن كىيىم-كېچەك يۇغانغا ئوخشاش بولىدۇ“.

قىمار مەستانىلىرى قىماردا مەيلى ئۇتتۇرسۇن ياكى ئۇتۇۋالسۇن، ئۇنىڭدىن ھەرگىز قول ئۈزگىسى

كەلمەيدۇ، ئۇتتۇرغاندا، هامان ئۇتتۇرغان پۇللىرىنى قايتۇرۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ، ئۇتقاندا يەنە كۆپرەك ئۇتۇشنى ئويلايدۇ. ئۇتتۇرۇپ قويغانلارنىڭ ئىچى ئۆرتىلىپ، غەزىپى قايناپ تاشىدۇ؛ ئۇتتۇۋالغانلارمۇ گىدىيىۋېلىپ، كۆرەڭلەپ كېتىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن هەر ئىككى تەرەپنىڭ روهىي هالىتىدە نورمالسىزلىق ئەهۋال پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزئارا ئاداۋەت تۇغۇلۇپ، بىر-بىرىگە ئۆچەكىشىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، هەتتا جانغا زامىن بولۇشتەك پاجىئە يۈز بېرىدۇ، مانا بۇلار، شەخسلەرنىڭ، ئائىلىنىڭ ئىناقسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبەدۇر، ئۇ جەمئىيەتكە ئىنتايىن چوڭ زىيان كەلتۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە، بۇنىڭدىن بىر مىڭ نەچچە يۈز يىل ئىلگىرىلا كىشىلەرنىڭ قىمار ئويىنىشى مەنئى قىلىنغان، مەملىكىتىمىزنىڭ هازىرقى ئاساسىي قانۇنىدىمۇ بىر يەرگە يىغىلىپ قىمار ئويناش ئېنىق مەنئى قىلىنغان، شۇنداق ئىكەن، بىز مۇسۇلمانلار ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، قىمار ئوينىماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداقلا بىر پۇقرا سۈپىتىمىز بىلەنمۇ دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇپ، قىمارغا يېقىن يولىماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مۇسۇلمانلار بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، هەممە جايدا ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئىش قىلىپ، ئاللاتائالانىڭ شەرىئىتىگە ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ قويۇشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئېتىقاد هېسسىياتىمىز بىلەن بىر مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا يول بەرمەسلىكىمىز لازىم.

ئىسلاهات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن بىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمىز بارغانسېرى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر قىسىم مۇسۇلمانلار قانۇنلۇق ئىگىلىك ئارقىلىق خېلى بېيىدى، قولىمىزغا مۇنچىۋالا پۇل كىرگەنىكەن، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مانا بۇ ئالدىمىزدا تۇرغان ئەمەلىي مەسىلە. بىز شۇنى ئېنىق تونۇشىمىز كېرەككى، بۇ، ئاللاتائالانىڭ بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق، بىزگە رەهىم قىلغان ئىلتىپاتى، هەرگىز مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئىقتىدارلىقىدىن كەلگەن ئەمەس. بۇ پۇللار ئاللاتائالادىن نېسىپ بولغان ئىكەن، ئۇنى توغرا يولغا مەسىلەن، پەرز ئەمەللەرنى ئادا قىلىش، زاكات بېرىش، يوقسۇللارغا ياردەم قىلىش، مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مائارىپ ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىغا يار-يۆلەك بولۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلساڭ، قارىماققا پۇلۇڭدىن ئازراق ئايرىلىپ قالغان بولساڭمۇ، ئەمما ئاللاتائالا ساڭا قوشلاپ، هەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغاندەك: "بىرەر ياخشىلىق قىلغان ئادەم ئۇن هەسسە ئارتۇق ساۋابقا ئىگە بولىدۇ" (6-سۈرە، 161-ئايەت).

ئەمما، بىز شۇنىڭغا ناهايىتى ئېچىنىمىزكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدىكى ئايرىم كىشىلەر قولىغا بىر ئاز پۇل كىرسە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان، ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، مەسىلەن، هاراق ئىچىش، زەهەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش، قىمار ئويناشقا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىپ، ئۆزىگە زىيان كەلتۈرۈش بىلەن قالماي، بەلكى ئائىلىسىگە ۋە جەمئىيەتكىمۇ زىيان كەلتۈرىدۇ. هازىر بەزى ياشلار بىر كىمنىڭ تويىغا داخىل بولۇپ، بىر يەرگە يىغىلىپ قالسا، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي قىمارنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر هەتتا هەش-پەش دېگۈچە تاۋكاراسلاپ، نۆۋەت بىلەن قىمار ئويناشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئايرىم كىشىلەر مۇسىبەت بولغان بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيىگە پاتىهەگە بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىمار ئويناشنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، بۇ ئىنتايىن هەددىدىن ئاشقانلىق ۋە ئەدەبسىزلىكتۇر. ئۇلار قىمار ئويناشنىڭ شەرىئەتكىمۇ،

(داۋامى 61-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# قەشقەر ھېيتگاھ جامە مەسچىتى

● مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى

قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى قەشقەر شەھرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېيتگاھ مەيدانىغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە كۆلىمى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان قەدىمكى مەسچىت.

ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ھازىرقى ئورنى ئەسلىدە بىر سازلىق بولۇپ، 8-ئەسىرنىڭ باشلىرى ئىسلام دىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەردىن ۋاپات بولغانلىرى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە مازار شەكىللىنىپ، كىشىلەر ھۆرمەتلەيدىغان جايغا ئايلانغان. كېيىنچە، ئۇردا خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنىدىغان شەھەر سىرتى قەبرىستانلىقى بولۇپ، قەبرىستانلىقتا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھىجرىيە 846-يىلى (مىلادى 1442-يىلى) بۇ يەرگە كىچىك مەسچىت سېلىنغان. ھىجرىيە 946-يىلى (مىلادى 1539-يىلى) شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھاكىمى ئۇبۇل ھادىبەگ تۇنجى قېتىم كېڭەيتىپ، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇلىدىغان مەسچىتتىن جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان جامەگە ئۆزگەرتكەن. ھىجرىيە 1201-يىلى (مىلادى 1786-يىلى) يېڭى شەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق خانئېرىق يېزىسىدىن زۇلپىيە خېنىم ھەج قىلىش نىسىپ بولماي، ھەرەمگە ئاتىغان پۇلىغا بۇ جامەنى كېڭەيتىپ ياساتقان. ھىجرىيە 1224-يىلى (مىلادى 1809-يىلى) ئىسكەندەر ۋاڭ ئومۇميۈزلۈك قايتا رېمونت قىلدۇرغان ۋە كۆل كولىتىپ، جىرىم قويدۇرۇپ رەتلىگەن. ھىجرىيە 1225-يىلى (مىلادى 1839-يىلى) زوھرىدىن ھاكىمبەگ قەشقەر شەھرىنى كېڭەيتىپ ياساتقاندىن كېيىن، ھېيتگاھ مەسچىتى شەھەر ئىچىدىكى مەركىزىي مەسچىتكە ئايلانغان ۋە يەنە بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلىنىپ "ھېيتگاھ جامەسى" دەپ ئاتالغان. ھىجرىيە 1290-يىلى (مىلادى 1873-يىلى) بەدۆۋلەت (ياقۇپبەگ) دەۋرىدە ئۈچىنچى قېتىم كېڭەيتىلىپ، غەرب تەرىپى مەسچىت، شەرق تەرىپى مەدرىس قىلىپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. مەدرىس قىسمىنىڭ شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپلىرىگە 72 ئېغىز ھۇجرا، شەرقىي شىمال تەرىپىگە بىرلا ۋاقىتتا 100 دىن كىشى يۇيۇنالايدىغان ھامام (مۇنچا)، شەرق تەرىپىگە پەشتاقلىق دەرۋازا ۋە مۇنارلار ياسىتىلغان. شۇندىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي كۆلىمى ۋە ياسىلىش شەكلىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئومۇميۈزلۈك رېمونت قىلىنىدىغان تارىخىي، مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەن، 1985-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپ، يېڭىدىن ھاجەتخانا ۋە سەراپ سېلىنغان، ئىچىگە سېمونت خىش ياتقۇزۇلۇپ رەتلەنگەن. 1994-يىلى چوڭ دائىرىدە يەنە بىر قېتىم رېمونت قىلىنغان.

ھېيتگاھ جامەسى چوڭ دەرۋازا، مەدرىس، مەسچىت قاتارلىق ئۈچ قىسىمدىن تەشكىل تاپقان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 16 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. چوڭ دەرۋازا پىشتىقى خىش بىلەن ئېگىز ھەم كۆركەم قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 18 مېتىردىن ئاشىدىغان ئىككى پەشتاق مۇنار بىلەن قوشۇلۇپ، پۈتۈن جامەنىڭ گۈزەل ئالدىنقى مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان.

جامەنىڭ ئىچكى قىسمى مەسچىت ۋە مەدرىس دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن ۋە سالاسۇن (ياغاچ رېشاتكىلىق تام) بىلەن ئايرىلغان.

مەدرىس جامەنىڭ ئالدى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىگە بىر-بىرىگە قارىتىپ سېلىنغان ھۇجرا ۋە دەرسخانىلاردىن تەشكىل تاپقان. ھاجەتخانا ۋە ھامام (مۇنچا) شەرقىي شىمال تەرەپكە جايلاشقان. مەدرىس ھويلىسى ئىچىدە ئىككى كۆل بولۇپ، كۆل ئەتراپىدا دەل-دەرەخلەر ئۆستۈرۈلگەن، ئۇ جامەگە پاكىز، ئازادىلىق تۈسى بېرىپ تۇرىدۇ.

مەسچىت جامەنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىچكىرىكى مەسچىت، تاشقىرىقى مەسچىت ۋە كايىۋان دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. مەسچىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 مېتىر، كەڭلىكى 16 مېتىر كېلىدۇ ۋە بىرلا ۋاقىتتا 4200 كىشى ناماز ئوقۇيالايدۇ. پۈتۈن مەسچىت 158 دانە تۈۋرۈك بىلەن تۇرغۇزۇلغان ۋە 100 ئاراشقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ياغاچ قورۇلما ۋاساجۇپ تۈز تورۇسلۇق ياسالغان. ئىچكىرىكى مەسچىتنىڭ غەرب تەرىپىگە ئەگمە مېھراپ ۋە ياغاچ بىلەن ئىشلەنگەن نەپىس مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئىككى يان تەرىپى ۋە ئالدى تەرىپىگە ياغاچ پەنجىرىلىك دېرىزە ۋە ئىشىك ئېچىلغان. تاشقىرىقى مەسچىتنىڭ ئالدى تەرىپى ئوچۇق ياسالغان بولۇپ، كەڭ، ئۇزۇن كەتكەن پېشايۋان ۋە كايىۋاندىن تەشكىل تاپقان، توققۇز ئارا تورۇسقا چاساخا ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن.

پۈتۈن جامە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى، نەقىش-بېزەكلىرى جەھەتتە قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىككە ۋە مىللىي تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ.

---

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئويۇشتۇرغان ئىماملار كۇرسىغا بەش نەپەر ئىمام ئەۋەتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئىمتىھان ئېلىپ ماقۇللىشى ئارقىلىق، ئىماملىق قىلىۋاتقان بەش نەپەر ياش ئىمامنى مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 1996-يىل 2-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە ئوقۇتىدىغان 32-قارارلىق ئىماملار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەكلىپكە بىنائەن، مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىماملار كۇرسىغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن 4-نۆۋەتلىك ئىماملار ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئىماملار مېڭىش ئالدىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت سەئىد ما يۈنفۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى مۇستافا ياڭ جىبو قاتارلىقلار ئىماملارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار 1-ئاينىڭ 27-كۈنى مىسىرغا يولغا چىقتى. (ئىمادىددىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لىۋىيىدىكى دوستانە ئۇچرىشىش

△ ئابدۇرەھىم ئىمىن

لىۋىيە پايتەختى ترىپولىدا قۇرۇلغان دۇنيا ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن مەن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا ئىشلار بۆلۈمى مۇدىرى ياڭ جىبو ئىككىمىز 1995-يىل 9-ئاينىڭ 21 -كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە ترىپولىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ 5-قېتىملىق يىغىنىغا قاتناشتۇق. بىز 9-ئاينىڭ 17-كۈنى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، ئايروپىلاندا 12 سائەت ئۇچۇش ئارقىلىق مالتا ئارىلىغا كەلدۇق. لىۋىيىنىڭ ھاۋا قاتناش يولى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قامال قىلىشى ئاستىدا بولغانلىقتىن، مالتىدىن پەقەتلا پاراخوت بىلەن ئوتتۇرا دېڭىزنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن ترىپولىغا يېتىپ كەلدۇق.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال، دۇنيا ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ 5-قېتىملىق يىغىنى ئۇنىڭ مەركىزى ئورۇنلاشقان بىنانىڭ زالىدا ئېچىلدى. يىغىنغا 88 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن 200 دەك ئىسلام ئالىملىرى، مۇتەپەككۇرلار، دىني تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا، لىۋىيە دىني فوند مىنىسترلىكى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان خەلقئارا بىرىنچى نۆۋەتلىك سوفىزم مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان 100 گە يېقىن ۋەكىللەرمۇ بۇ يىغىنغا قاتناشتى. سېررا-لېئون، رۋاندا، گانا ۋە سىرىلانكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بىرقانچە مىنىسترى ۋە ئىسلام كونفېرېنسىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى قاتارلىق كىشىلەر ئەزىز مېھمانلار سۈپىتىدە سەھنىدىن ئورۇن ئالدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئاددىي ۋە ئىخچام بولۇپ، ئالدى بىلەن لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرېتارى دوكتور مۇھەممەد ئەھمەد شېرىپ سۆزگە چىقىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئىسلام ئالىملىرىنىڭ يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىپ، يىغىنغا داخىل بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا، ئىسلام دۇنياسى نۆۋەتتە يۈزلىنىۋاتقان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە دۇنيا ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ 5-نۆۋەتلىك ھەيئەت ئەزالىرى قايتىدىن سايلاپ چىقىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

9-ئاينىڭ 21-كۈنى چۈشتىن كېيىن، يىغىن رىياسەتچىسى ئىبراھىم خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ 1990-يىلى ئېچىلغان 4-قېتىملىق يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلىرى ۋە پائالىيەتلىرى ھەققىدە توختالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يىغىن مۇزاكىرە باسقۇچىغا كىردى. يىغىن قاتناشچىلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ ئاساسىي نۇقتا بويىچە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى ۋە يىغىندا سۆزگە چىقتى: بىرىنچى، لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالى. ئىككىنچى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تەسىرى. ئۈچىنچى، ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى-نىڭ خەلقئارالىق ئىسلام دەۋەتى تەشكىلاتى بولغان لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىگە بولغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرى. يىغىن قاتناشچىلىرى يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتتا ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتى. يىغىندا سۆزلەنگەن سۆزلەرنىڭ مەزمۇنى كۆپىنچە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام دىنى دەۋەتى ئەھۋالىغا مەركەزلەشتى.

9-ئاينىڭ 24-كۈنى، يىغىن ئۈچ كۈنلۈك مۇزاكىرىدىن كېيىن ئاياغلىشىپ، يىغىننىڭ قارارى شەكىللەندى، ئۇنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتى بۇندىن كېيىنكى خىزمىتىدە ئىسلام مائارىپىغا ئېتىبار بېرىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەردە قۇرۇلغان ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىككىنچى، ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ مەتبۇئات ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئۇسۇل بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىشىگە دىققەت قىلىشنى ۋە ئۇنى توسۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۈچىنچى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلىشى، سىرتقى ياردەمگە بېقىندى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. تۆتىنچى، مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىش ۋە بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش كېرەك، ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى ئائىلە ۋە بالىلار پاراۋانلىقىنى تېخىمۇ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە چاقىرىدۇ.

دۇنيا ئىسلام دەۋەتى ھەيئەت ئەزالىرىنى قايتىدىن سايلاپ چىقىش بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ مۇھىم كۈنتەرتىپىنىڭ بىرى، مەزكۇر ھەيئەت 36 ئەزادىن تەركىب تاپقان بولۇپ، خىزمەت مۇددىتى تۆت يىل. تۆت يىلدىن كېيىن قايتىدىن سايلىنىشقا بولىدۇ. ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سانى رايونلار بويىچە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاسيا دۆلەتلىرىدىن ئون نەپەر، ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن ئون نەپەر، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرىدىن بەش نەپەر، لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتى ۋە مەزكۇر جەمئىيەتكە تەۋە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىدىن ئالتە نەپەر. ئۆزئارا كېڭىشىش ئارقىلىق يىغىندا يېڭى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئىسىملىكى جاكارلاندى.

بىزنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشقانلىغىمىزنى لىۋىيە تەرەپ قىزغىن قارشى ئالدىغانلىقىنى بىلدۇردى ۋە كۆڭۈل بولدى. بىزنى يىغىندا ئالدىنقى قاتاردىن كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن يىغىندا سۆزگە چىقىپ، مەملىكىتىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى سىياسىتى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، مېنىڭ سۆزۈم يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېگە بولدى. پاكىستان، تايلاند، مالايشىيا، ياپونىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسيا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەر مەن بىلەن قول ئېلىشىپ تەبرىكلەپ مۇنداق دېيىشتى: بىز بۇ يىغىندا جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆپ خۇرسەن بولدۇق. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىگە ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ياخشى ھالەتتە ئىكەنلىكىگە مەمنۇن بولدۇق.

بىز يىغىن جەريانىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇسۇلمان ئۆلىمالار، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئۇچرىشىش ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە پائالىيەتلىرى، خەلقئارا ئىسلام دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ يۈزلىنىشى بىلەن تونۇشتۇق.

يىغىن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتىنىڭ باش سېكرېتارى دوكتور مۇھەممەد ئەھمەد شېرىپ بىلەن كۆرۈشۈپ دوستانە سۆھبەتتە بولدۇق. كۆرۈشۈش جەريانىدا، دوكتور مۇھەممەد ئەھمەد شېرىپ خۇشاللىق بىلەن 1982-يىلى جۇڭگوغا قىلغان زىيارىتى ھەققىدىكى چوڭقۇر تەسىراتلىرىنى ئەسلەپ مۇنداق دېدى: ”لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ئورناتقان

دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى ئىنتايىن قەدىرلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارا بېرىش-كېلىشىمىز ئازىيىپ قالدى. بۇندىن كېيىن ئاللانىڭ قوللىشى بىلەن بۇ جەھەتتىكى دوستانە ئالاقىمىزنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە ئىشەنچىم كامىل.»

بىز ئۈرۈمچىگە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىمام سالىھ ئەن شۇۋېي ئاخۇننىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن لىۋىيە ئىسلام دەۋەتى جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇش، يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈمىدىمىزنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، باش سېكرېتار دوكتور مۇھەممەد شېرپىنى جۇڭگونى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدۇق.

## پاكىستان مۇسۇلمان ئالىملار ۋەكىللىرى ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، پاكىستان ئالىملار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، لاھور «شاھ» مەسچىتىنىڭ ئىمامى موللا ئابدۇقادىر ئازادە باشچىلىقىدىكى، كاراچى مەمۇن مەسچىتىنىڭ ئىمامى موللا مۇستافا، لاھور شەيخ ئىسلام مەركىزىنىڭ رەئىسى دوكتور سەيدۇللا، دوكتور ئىنام ھەق كەۋسەر، پاكىستان ئارخېئولوگىيە-تارىخ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، پاكىستان قاتناش مىنىستىرلىكى تېز سۈرئەتلىك تاشيول ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دوكتور قەزەنفەر مەھدىلەردىن تەركىب تاپقان بەش كىشىلىك پاكىستان مۇسۇلمان ئالىملار ۋەكىللىرى ئۆمىكى 1995-يىل 11-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لىيۇ شۇشاڭ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇۋېي ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ قاتارلىقلار مېھمانلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مالىك مىيان ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ، نىڭشىيا، شىئەن قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى ھەمدە مەشھۇر مەسچىتلەرنى، ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنى، مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرىنى ۋە ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. جايلاردىكى زىيارەتتە، پاكىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ئاخبارات-مەدەنىيەت ئىشلىرى مەسئۇلى ئىقبال ئەپەندى ئۆمەك بىلەن بىللە بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى پاكىستان باش مىنىستىرى بوتتو خانىمنىڭ جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە بۇ نۆۋەتتىكى زىيارەتتىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگوغا تۇنجى قېتىم كەلگەن بولۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندىن كېيىن، كۆپ تەسىراتلارغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتىشتى ۋە: جۇڭگو بىر ئۇلۇغ دۆلەت، جۇڭگو خەلقى ئۇلۇغ خەلق، ئىككى دۆلەت خەلقى بىر-بىرىگە ئىشىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ، پاكىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونى پاكىستان خەلقىنىڭ ئەڭ ياخشى دوستى دەپ ھېسابلايدۇ، دېيىشتى. بولۇپمۇ ھۆكۈمىتىمىز يولغا قويغان مىللەتلەر باراۋەرلىكى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە يار-يۆلەك بولۇشى نەتىجىسىدە، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ كاپالەتكە ئىگە بولغانلىقى، دىنىي سورۇنلارنىڭ قوغدالغانلىقى، بىرمۇنچە ئىسلام ئىنستىتۇتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي مائارىپىغا ئېتىبار بېرىلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بىلدۈردى. (مەھمۇدى)

# 2-نۆۋەتلىك ئالىي مۇكاپاتلىق خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسى قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلدى

مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ئۇيۇشتۇرغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئالىي مۇكاپاتلىق دۇنيا قىرائەت مۇسابىقىسى 1995-يىل 2-ئاينىڭ 15-كۈنى قاھىرەنىڭ ناسىر شەھىرىدىكى برونېۋنىڭ مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. جۇڭگو، مىسىر، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، لىۋان، چاد، فرانسىيە، گرېتسىيە، ئۆزبېكىستان، ئۇكرائىنا، پەلەستىن، كولۇمبىيە، ئۇگاندا، ئارگېنتىنا، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، تايلاند قاتارلىق 105 دۆلەتتىن 297 نەپەر مۇسۇلمان ياش (بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز نەپەر قىز) مۇسابىقىغە قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەكلىپكە بىنائەن ما خۋايۇي، جاڭ ۋىندىلارنى ئەۋەتىپ مۇسابىقىغە قاتناشتۇردى، شياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمىسىمۇ ما يۈنشياڭ ئەپەندىنى ئەۋەتىپ مۇسابىقىغە قاتناشتۇردى. بۇ يىل مۇسابىقىغە قاتناشقانلار سانى ئۆتكەن يىلقىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى.

مۇسابىقە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى: 1-گۇرۇپپىدىكىلەر ھاپىزلار («قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلگۈچىلەر)، 2-گۇرۇپپىدىكىلەر نىسپىي قارىيلار («قۇرئان كەرىم»نىڭ يېرىمىنى يادقا بىلگۈچىلەر)، 3-گۇرۇپپىدىكىلەر رۇبئىي قارىيلار («قۇرئان كەرىم»نىڭ چارىكىنى يادقا بىلگۈچىلەر)، 4-گۇرۇپپىدىكىلەر غەيرىي ئەرەب تىل رايونلىرىدىن كەلگەن ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن بىر پارىنى يادقا بىلگۈچىلەر. ھەربىر گۇرۇپپىدىن ئالدىنقى 20 قىرائەتچى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ھەرقايسى گۇرۇپپىلاردىن بىرىنچىلىكنى ئالغانلار: 1-گۇرۇپپىدىن يۈسۈف (مىسىردىن)، 2-گۇرۇپپىدىن فەتتاھ (مىسىردىن)، 3-گۇرۇپپىدىن شافىل (ھىندونېزىيىدىن)، 4-گۇرۇپپىدىن سىھاب (گۈنئانادىن). مىسىرنىڭ رايون خاراكتېرلىك مۇسابىقىسىدە مەمدۇھ (يەتتە ياشلىق ئەما بالا) بىرىنچىلىكنى ئالغان. تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، بۇ نۆۋەتلىك ئالىي مۇسابىقىدە بىرىنچىلىكنى ئالغان يۈسۈف بىلەن مىسىر رايونى مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىكنى ئالغان مەمدۇھنىڭ ھەر ئىككىلىسى يەتتە ياشلىق بالا، ئۇلارنىڭ ئۇستىگە ھەر ئىككىلىسى «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلىدىغان مىسرلىق ھاپىز. مۇبارەك زۇڭتۇڭ بۇ ئىشنى بىر مۆجىزە دەپ ئاتىغان ھەمدە مۇكاپات تارقىتىش ۋاقتىدا شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا مەمدۇھقا بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسىنى 2 مىڭ جۇنەيھى (مىسىر فوندى) دىن 20 مىڭ جۇنەيھىگە ئۆستۈرۈپ بەرگەن.

2-ئاينىڭ 26-كۈنى كەچتە مىسىر دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى زالىدا قەدىر كېچىسىنى مۇبارەكلەش كەچلىك مەرىكىسى ئۆتكۈزدى، مىسىر زۇڭتۇڭى، زۇڭلىسى، ئەزھەر شەيخى ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى قاتارلىقلار بۇ كەچلىك مەرىكىگە قاتناشتى، مۇبارەك زۇڭتۇڭ 46 دۆلەتتىن كەلگەن 83 نەپەر مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىگە شەخسەن ئۆزى مۇكاپات تارقىتىپ بەردى ۋە ھاياجانلىق قىزغىن نۇتۇق سۆزلىدى. جۇڭگونىڭ مەسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ياڭ فۇچاڭمۇ تەكلىپكە بىنائەن بۇ مەرىكىگە قاتناشتى.

(ۋاڭ گىنمىڭ، ما جىخەي)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قارىيلارنى ئەۋەتىپ خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى

مالايشىيا ھۆكۈمىتى دىنىي مەھكىمىسىنىڭ ۋە ئىران خەير-ساخاۋەت تەشكىلاتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇھەممەت توختى قارىي (ئۇيغۇر، شىنجاڭ قارىقاش ناھىيىسىدىن)، ما دۇڭمېي (ئايال، خۇيزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىدىن) لارنى ئەۋەتىپ 1995-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە مالايشىيانىڭ مەركىزى كۇئالالۇمپۇر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 27-نۆۋەتلىك مالايشىيا خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى؛ ما ياۋشياڭ (ئەر، خۇيزۇ، چىڭخەي ئۆلكىسىدىن)، ئابدۇغېنى قارىي (ئۇيغۇر، شىنجاڭ ئاتۇش شەھىرىدىن) لارنى ئەۋەتىپ، 1995-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن 12-نۆۋەتلىك ئىران خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇردى.

قارىيلىرىمىز بۇ مۇسابىقىلەر ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن قارىيلار بىلەن تەجرىبە ئالماشتۇردى، ئۆزئارا ئۆگەندى، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنداقلا يەنە، چەت ئەللىكلەرگە مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلارنى مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر قىلدى ھەمدە مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ قارىيلىق ۋە قىرائەت قىلىش سەۋىيىسىنى چەت ئەلگە نامايان قىلدى. (ئىمادىددىن)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىسىر، پاكىستاندىكى ئىسلام ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇغۇچى تاللاپ ئەۋەتتى

گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 19 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1995-يىلى 11-ئايدا مىسىرغا بېرىپ، ئوقۇش باشلاپ كەتتى. ئۇلار مىسىرغا مېڭىشتىن ئاۋۋال، بېيجىڭغا يىغىلىپ، بىر ئايلىق ئەرەبچە تولۇقلاش ئوقۇش كۇرسىغا ۋە مىسىرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ بىر تۇتاش ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاللاپ قوبۇل قىلىنغان. ئۇلار مېڭىش ۋاقتىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇئمان ما شيەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەت سەئىد ما يۈنفۇ قاتارلىقلار ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى تاللاپ، پاكىستاندىكى خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 1996-يىل 2-ئاينىڭ باشلىرى ئىسلامئابادقا يېتىپ باردى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇئمان ما شيەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن قاتارلىقلار ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. (مەئمۇن بىن نۇئمان)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشتى

▼ بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1995-يىل 10-ئاينىڭ 25-، 26-كۈنلىرى تۇنجى نوۋەتلىك ۋەز ئېيتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى سالىھ ئەن شۇيى ئاخۇن مۇكاپات تارقىتىش مۇراسىمدا سۆز قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن قاتارلىقلار مۇراسىمغا تەشرىپ قىلدى. (جىڭ يۈن)

▼ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ئىبراھىم خۇاڭ چاگيۇلار ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن، 1995-يىل 8-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە يىنچۇەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا تەشرىپ قىلىپ، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. (يۈسۈف جەۋاد)

▼ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى ئالاھىدە لەنجۇغا بېرىپ، 1995-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 29-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا تەشرىپ قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. شۇنداقلا يىغىن جەريانىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى مۇئاۋىن رەئىسى، دائىمىي ھەيئىتى ۋە بىر قىسىم ھەيئەتلىرىنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سورىدى، لەنجۇ ئىسلام ئىنستىتۇتىنى ۋە شىگۇەن جامەسى مۇسۇلمان ئاياللار دىنى مەكتىپىنى كۆزدىن كەچۈردى. بېيجىڭغا قايتىش ئالدىدا، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئالىملار بىلەن، غەربىي شىمال ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى. (ما شاۋشاۋ)

▼ خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ شەھىرى ئىسلام دىنى 4-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1995-يىل 10-ئاينىڭ 24-كۈنى چاقىرىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇئمان ما شيەن يىغىنغا تەشرىپ قىلدى ۋە سۆز قىلدى (سالىھ)

# قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1995-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن 3-كۈنىگىچە قەشقەر شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى روزى ئىسمائىل، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى مەمەت ئەخمەت، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى نۇر بەكرى، شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت تۇرسۇن ھاجى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجى ھەمدە ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە (شەھەر) دىن كەلگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك ۋە تاجىك قاتارلىق ئون مىللەتنىڭ 110 نەپەر ۋەكىلى بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى.

ۋەكىللەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىمنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئىشلىگەن خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم جەمئىيە رەئىسى، ئۆمەرجان مۇھەممەت، ئابدۇۋەلى ھاجىم، سەمەت مەخسۇم ھاجىم، سادىق قارىي ھاجىم، ئابدۇرېشىت قارىي ھاجىم ۋە ئابدۇكېرىم قارىي ھاجىملار مۇئاۋىن رەئىس، ئۆمەرجان مۇھەممەت باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى. يىغىن يەنە 53 نەپەر ھەيئەت، 23 نەپەر دائىمىي ھەيئەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

يىغىندا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «نىزامنامىسى»، «قارارى» ماقۇللاندى يىغىن ۋىلايىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا مۇراجىئەتنامە چىقاردى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا، بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 21 نەپەر دىنىي زات ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. (ياقۇپ ھاجى)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋىلايەت بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھالال ئەمگەككە تايىنىپ باي بولۇش ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش-تەقدىرلەش نەق مەيدان يىغىنى ئۆتكۈزدى

ۋىلايەت بويىچە دىنىي زاتلارنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇش ئەھۋالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش-تەقدىرلەش يىغىنى 1995-يىل 11-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە يەكەندە ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى سادىق قارىي ھاجىم، سەمەت مەخسۇم ھاجىم، ئابدۇۋەلى ھاجىم، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، 12 ناھىيە (شەھەر) مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ۋىلايىتىمىزدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، جەمئىيەت ۋە خەلققە ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن ئىلغار دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى بولۇپ، 150 نەپەر كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم «دىنىي زاتلار ئىچىدە ھالال ئەمگەككە تايىنىپ بېيىش، خەلققە كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش مۇسابىقە پائالىيىتىنى كەڭ، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. سادىق قارىي ھاجىم سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى. ئابدۇۋەلى ھاجىم يىغىننىڭ تەشەببۇسنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يەكەن ناھىيىسىنىڭ تۆت يېزا (بازار) لىرى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولۇپ، ئۆز جايلىرىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان ئىلغار دىنىي زاتلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى نەق مەيدانغا بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا، ۋىلايىتىمىزدىكى دىنىي زاتلار ئىچىدە ھالال ئەمگەك بىلەن باي بولۇپ، كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلغان 63 نەپەر ئىلغار دىنىي زات شەرەپ گۇۋاھنامىسى ۋە ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى.

مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر ۋە دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مجىت باقى يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا خۇلاسە سۆزى قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

## قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى

قاغىلىق ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1996-يىلى 1-ئاينىڭ 19-كۈنى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش زالىدا تەنتەنىلىك چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى 20 يېزا، بازاردىن كەلگەن 91 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، قوشۇمچە قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى ھاجىم، ئابدۇرېشىت قارىي

# دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى بېيجىڭدا تەسىس قىلىندى

گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە باشچىلىقىدىكى دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى دۆلەت ئاخبارات- نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن بېيجىڭدا رەسمىي قۇرۇلدى. بۇ نەشرىياتنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە دىنىي ئوقۇشلۇقلارنى نەشر قىلىدىغان مەخسۇس نەشرىيات بولماسلىقىدەك ئەھۋالغا خاتىمە بەردى. بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىزچىللاشقانلىقىنىڭ يەنە بىر جانلىق گەۋدىلىنىشى.

دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىدىغان كەسپىي نەشرىيات، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىش ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، مەملىكىتىمىزدىكى دىنشۇناسلىق تەتقىقاتىغا مەدەت بېرىش، مەملىكىتىمىزدىكى دىنلار-نىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل مەدەنىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، كەڭ دىندارلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەت-لەردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدا ئاكتىپ تۆھپە قوشۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ۋە قىلمايدىغان ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن ئۇلارنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىرلىكتە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

دۆلەت ئاخبارات-نەشرىيات مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشى بويىچە، دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى-نىڭ كىتاب نەشر قىلىش دائىرىسى، ئاساسەن، دىنىي سىياسەت، دىنشۇناسلىق نەزەرىيىسى، دىن مەدەنىيە-تى، دىن تارىخى ۋە دىنىي كىتاب، دىنىي ئەقىدە، دىنىي قائىدە، تەپسىر- شەرھى، ۋەز-تەرغىبات، دىنىي سۈرەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كىتابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

دىن مەدەنىيىتى نەشرىياتى ئىسلام دىنى جەھەتتىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش جەھەتتىمۇ ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. ئۇلار نۆۋەتتە ئىسلام دىنىغا دائىر كىتابلارنى نەشر قىلىش پىلانىنى تۈزۈۋاتىدۇ. (زۇڭ ۋېن)

---

ھاجىملار بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشتى. ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مىجىت باقى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئابدۇرېشىت توختى يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن ئۆتكەن قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئىستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىسى، «نىزامنامىسى»، «يىغىن قارارى» ۋە توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىنى ئاددىي-ساددا قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «تەشەببۇسنامە»نى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىردەك ماقۇللىدى.

يىغىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ئابلىمىت مامۇت ھاجىم جەمئىيەت رەئىسى، ئابدۇجېلىل ئاقائىت، ھەبىبۇللا رېشىت، مەممەت سادىق ۋە ئىگەمبەردى چاۋارلار مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ سايلاندى. ئىگەمبەردى چاۋار قوشۇمچە باش كاتىپ بولۇپ سايلاندى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا، 17 نەپەر "بەشتە ياخشى دىنىي زات"، سەككىز "بەشتە ياخشى مەسچىت" ۋە 20 نەپەر ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق باي بولغان دىنىي زات مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى. (ياقۇپ ھاجى)

www.uyghurkitap.com



# يەكەن ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق بېيىش يولىغا ماڭماقتا

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، يەكەن ناھىيىسى دىنىي زاتلارنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇشقا ئاكتىپ يېتەكلەپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ناھىيە ئالدى بىلەن دىنىي زاتلار باي بولغاندىلا، ئاندىن كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنى بېيىش يولىغا باشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىدى. نەتىجىدە بولتۇر يىل بېشىدىن بۇ يىل 1-ئايغىچە ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىغان دىنىي زات ئائىلىسى 681گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق ساپ كىرىمى 10مىڭ يۈەندىن ئاشقان دىنىي زات 88گە، 20 مىڭ جىڭدىن يۇقىرى ئاشلىق ئىشلەپچىقارغان دىنىي زات 123 كىشىگە، كىشى بېشىغا 1000 يۈەندىن ساپ كىرىم قىلغان دىنىي زات 265 كىشىگە يەتتى. بۇ ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار 8 يۈك ماشىنىسى، 10 چوڭ تراكتور، 137 كىچىك تراكتور، 28 ئۇن زاۋۇتى، 12ياغ زاۋۇتى سېتىۋېلىپ ئىشقا كىرىشتۈردى. 182 ئائىلە دېھقانچىلىق بىلەن، 15 ئائىلە چارۋىچىلىق بىلەن، 22 ئائىلە ئورمانچىلىق بىلەن، 16 ئائىلە قاتناش-ترانسپورت بىلەن، 24 ئائىلە سودا مۇلازىمەت كەسپى بىلەن، 18 ئائىلە ئىش قوشۇش كەسپى بىلەن باي بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ باي بولغان دىنىي زاتلار ئىسلام دىنىنىڭ نامراتلارغا يار-يۆلەكتە بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇ يىلنىڭ بېشىغىچە 850 نەپەر دىنىي زات 1572 نەپەر بەشتە كاپالەت ئائىلە ۋە يېتىم-يېسىرلارغا 76 مىڭ 172 كىلوگرام ھەر خىل ئاشلىق، 49 تۇياق چارۋا، 1277 قۇر ھەر خىل كىيىم-كېچەك، 3117 ئەمگەك كۈنى، 34 توننا كۆمۈر، 3762 يۈەن نەق پۇل قاتارلىق 209 مىڭ 987 يۈەن قىممىتىدە ماددىي نەرسىلەرنى ياردەم قىلدى. مائارىپقا 30 مىڭ 305 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

دىنىي زاتلارنىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق مەسچىتلەر ئۆزىنى ئۆزى بېقىش يولىغا مېڭىپ، 1994-يىلى ئىچىدە 113 مىڭ 123 تۈپ دەرەخ تىكىپ، مەسچىتلەرنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلىدى. 56 مەسچىت ھەر خىل قوشۇمچە كىرىم قىلىشنى يولغا قويۇپ، 141 مىڭ 250 يۈەن كىرىم قىلىپ، مەسچىتنىڭ تۈرلۈك راسخوتلىرىغا ئىشلىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ يېتەكلىشى، ياردەم بېرىشى ئارقىلىق 21 نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بېيىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## ▼ ئەنخۇي مۇسۇلمان يېمەكلىكلەر شىركىتى دېجۇ شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى ▼

ئەنخۇي جۇڭگو يېمەكلىكلىرى (AH) چەكلىك شىركىتىنىڭ دېجۇ شۆبە شىركىتى 1995-يىل 10-ئاينىڭ 23-كۈنى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لىڭشەن ناھىيىسىدە قۇرۇلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى مەزكۇر شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا تەشرىپ قىلدى ۋە ۋۇۋىسكا يۈپۈقنى ئېچىپ بەردى. (مۇ جى)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى ئالاھىدە شىنجاڭغا كېلىپ، 1995-يىل 11-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى، تۇرپان، قەشقەر ۋە قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ جايلاردىكى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ مەزمۇنى، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش مەسىلىسى قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. خوتەن ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر قىسىم ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ ژۇرنالنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى، بۇ ژۇرنالنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بۇ ژۇرنالنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلەشى توغرىسىدا گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى مەخسۇس ئالاقە چۈشۈرگەنىدى، شىنجاڭ دىن ئىشلىرى ئىدارىسىمۇ تۈۋەنگە مۇناسىپ ئالاقە چۈشۈرۈپ، ئاكتىپ ھالدا بۇ ژۇرنالنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا مۇشتەرى توپلاش، ماقالە ئۇيۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سۆھبەت داۋامىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ ژۇرنالنىڭ قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ژۇرنالنىڭ مەزمۇنى، سۈپىتى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا بىرمۇنچە ئىجابىي پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەردى.

شەمشىدىن ھاجى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۇرپان، قەشقەر ۋە ئاتۇش قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى ئۇقۇشتى. مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنىڭ ھەمراھلىقىدا دىنىي مەكتەپلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە مۇدەررىس، تالىپلار بىلەن كۆرۈشتى. بۇ رايونلاردىكى بىر قىسىم مۆتىۋەر دىنىي زاتلارنى يوقلاپ ھال سورىدى، شۇنداقلا بىر تۈركۈم مەشھۇر مەسچىت-جامەلەرنى، مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسى قاتارلىق ئىسلام ئاسارئەتىقىلىرىنى زىيارەت قىلدى.

(مەھمۇدى)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

ئۆتكەن يىلى 11-ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ نۇقتىسى بويىچە قەشقەردە چاقىرىلغان ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇردى.

بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى ئالدى بىلەن ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرى مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، ناھىيە (شەھەر) لەرگە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ،

www.uyghurkitap.com

بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئاساسىي قاتلاملارغا ”ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش“ تارقىتىپ، بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ناھىيە (شەھەر) لىك دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرى ماسلىشىپ تەشكىللەشنى، ئىسلام جەمئىيەتلىرى كونكرېت ئىشلەشنى؛ ۋىلايەت، ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ دىن ئىشلىرى خىزمىتى تارمىقىدىكى كادىرلار، ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئەزالىرى، يېزا-كەنتلەردىكى دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ھەيئەتلىرى، يېزىلاردىكى بىرلىك سەپ گەنسىسى، ھۆكۈمەتتىن پەسىللىك، ئايلىق تۇرمۇش راسخوتى ئالىدىغان دىنىي زاتلار، ۋىلايەتلىك، ناھىيەلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەتلىرى، ھېيت ۋە جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خەتىپلىرى، كىرىمى بار مەسچىتلەرنىڭ بىردەك مەزكۇر ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشىنى؛ ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى ئېتىقادچى ئاممىغا بولغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، ئۇلاردىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى؛ ناھىيە(شەھەر) لىك دىن خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تەشۋىقىي-تەربىيىنى كەڭ ئېلىپ بېرىپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى تېز، ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئارقىلىق بۇ خىزمەتنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. نەتىجىدە بۇ يىل 1-ئاينىڭ 20-كۈنىگىچە بۇ ژۇرنالغا ئون مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق مۇشتەرى قوبۇل قىلىندى. ئايرىم تارماقلار ۋە بىر قىسىم چەت، يىراق يېزا-بازارلار بۇ خىزمەتنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلىمەكتە. (ياقۇپ ھاجى)

---

(بېشى 42-بەتتە)

دۆلەت قانۇنىغىمۇ خىلاپ ئىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن، بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ.

دىنىي قېرىنداشلار، بىز مۇسىبەت ئىشلىرىغا داخىل بولۇپ قالغاندا، كۆڭلىمىزدە شۇنى ئويلايلىكى، باشقىلار ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىزمۇ بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىمىز. ھېچكىم كىمنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، ئەمما بۇ يولدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، بىز ئاللاتائالاغا، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرگەنىكەنمىز، شۇنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئەگەر بىز كۆپ بويىي گاڭگىراپ يۈرۈپ، بۇ دۇنيادا ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا بولساق، ئاخىرەتكە بارغاندا قانداق قىلىمىز؟ بىز خۇدانىڭ دەرگاھىغا نېمىمىز بىلەن بارىمىز؟ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”باشقىلار سىلەردىن ھېساب ئېلىشتىن ئاۋۋال، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلاردىن ئۆزۈڭلار ھېساب ئېلىڭلار“. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، بۇ دۇنيادا بىز نېمە ئىشلارنى قىلدۇق، ئاللاتائالا بىزگە بۇيرۇغان بەش پەرزنى ئادا قىلدۇقمۇ-يوق؟ ئاللاتائالا بىزگە ھارام قىلغان ئىشلاردىن يىراق بولالىدۇقمۇ-يوق؟ مانا بۇلارنى ئويلاپ بېقىشىمىز كېرەك.

دىنىي قېرىنداشلار، ئاي-كۈنلەر ئۇچقاندەك ئۆتىدۇ، پۈتۈن ئۆمرىمىز ھەش-پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەربىرىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئۆتمۈش ئىشلىرىمىزنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇ ئىشلار تېخى تۈنۈگۈنلا بولۇپ ئۆتكەندەك ھېس قىلىمىز، شۇڭا ياخشى ھاياتىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئۆمرىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، سۈننەتلەرنى بېجىرىپ، ئۆز ئەمەللىرىمىزنى ياخشى قىلىپ، ئاللاتائالا ھارام قىلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق بولۇپ، ئىككى ئالەمدە بەرىكەتلىك بىر مۇسۇلمان بولۇشىمىز كېرەك.

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مۆھتەرەم مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ژۇرنىلىمىزغا زوقمەن دوستلار!

ئەسسالامۇئەلەيكۇم.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇۋاتقان بىردىنبىر مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. مەزكۇر ژۇرنالدا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي خەۋەرلەر ۋە ئوبزورلاردىن باشقا، ئىسلام ئەقىدىلىرى، شەرىئەت تەھلىللىرى، ئىسلام ئىلمى ۋە مەدەنىيىتى، دىن تارىخى بىلىملىرى، ۋەز، دىنىي كىتابلار، ئالىم-ئۆلىمالار، مەسچىت-مەدرىسلەر، سىياسەت، قانۇن-نىزاملار ۋە قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەت، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر، ئىسلام ئەللىرى، ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە، ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى، خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر، ئىچكى-تاشقى خەۋەرلەر، ئىسلامىيەتكە دائىر ماتېرىياللار ۋە كىتابلار، مۇشتەرىلەردىن خەت-چەكلەر، ئىسلامغا دائىر شېئىر، ماقال-تەمسىل ۋە ھۆسن خەتلەر دېگەنگە ئوخشاش سەھىپىلەر ئېچىلىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئەھۋالىغا دائىر ماقالىلەر ۋە مىللىي ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىدۇ.

مەزكۇر ژۇرنال 16 فورماتلىق، 64 بەتلىك (مۇقاۋىسى بىلەن 68 بەتلىك)، پەسىللىك ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ، تاق باھاسى 2.80 يۈەن، يىللىق باھاسى 11.20 يۈەن. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋا بەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەڭلىك سۈرەتلەر بېرىلىدۇ. ژۇرنال مۇشتەرىلەرگە پوچتا ۋە بەلگىلەنگەن تارقاتقۇچىلار ئارقىلىق تارقىتىپ بېرىلىدۇ. تەھرىر بۆلۈمىمىز شىنجاڭدىكى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەزكۇر ژۇرنالدىن ئۆز ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن، شىنجاڭدا مەخسۇس تارقىتىش پونكىتى تەسىس قىلدى. مۇشتەرى بولغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىزدە بىۋاستە مۇشتەرى بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى تارقىتىش پونكىتىدا مۇشتەرى بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ناھىيە(شەھەر)لەردە، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋەكالىتەن مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ (تەھرىر بۆلۈمىمىز ۋە تارقىتىش پونكىتىنىڭ ئادرېسىنى ژۇرنالدىن كۆرۈڭ).

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىت-جامەلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە، تەشكىلات، مەكتەپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزغا ماقالە قوبۇل قىلىش ھەققىدە

## I قوبۇل قىلىنىدىغان ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنى

ژۇرنىلىمىز جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندىكى ماقالىلەرنى قارشى ئالىدۇ: 1. ھەرقايسى جايلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇش ئەھۋالى ھەم بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە-تەسىراتلار خەۋەر قىلىنغان ماقالىلەر؛ 2. مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ۋە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرى ھەمدە مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلغار ئىش ئىزلىرى خەۋەر قىلىنغان ماقالىلەر؛ 3. ئىسلام دىنىنىڭ تۆرلۈك مۇقەددەس كىتابلىرى، تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە مۇھىم خەۋەرلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر؛ 4. ئېلىمىزنىڭ، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى تارىخى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر تەتقىقات ئەھۋالى، نەتىجىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر؛ 5. مەشھۇر مەسچىت-مەدرىسلەر، ئىسلام دىنىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار، قەدىمكى ئاسارئەتىقىلەر تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر؛ 6. مەملىكىتىمىزدىكى يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ پائالىيىتى، دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلەر؛ 7. ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى بىلەن بولغان دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئەھۋاللار خەۋەر قىلىنغان ماقالىلەر؛ 8. ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىن چىققان ئالىم-ئۆلىمالار ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي، دىنىي، ئىجتىمائىي تۆھپىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالىلەر؛ 9. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى، ھەدىس شەرىپ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق پەزىلىتىگە دائىر ھېكمەتلەر، ماقال-تەمسىللەر ئىپادىلەنگەن ھەر خىل نۇسخىدىكى ھۆسن خەتلەر؛ 10. ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئەخلاق پەزىلەتلىرىگە دائىر ماقال-تەمسىل، شېئىرلار؛ 11. ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزمۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رەڭلىك ۋە رەڭسىز سۈرەت ھەم سىزما رەسىملەر.

## II ماقالە ھەققىدىكى تەلەپلەر

1. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ۋە ئىسلام دىنى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر چوقۇم «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە تەپسىرلەردىن نەقىل ئېلىپ دەلىللەنگەن بولۇشى، ستاتا ئېلىنغان ئەسەر ۋە ستاتا ئورۇنلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى لازىم. 2. ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر ئادەتتە ئەڭ كۆپ بولغاندا بەش مىڭ خەتتى (ژۇرنىلىمىزدا 4 بەتتىن) ئېشىپ كەتمەسلىكى، خەتلەر ماقالەل قەغىزىگە ئېنىق يېزىلىشى، ئىملاسى توغرا بولۇشى، تىنىش بەلگىلىرى ئوچۇق قويۇلۇشى، ئەڭ ياخشىسى ماشىنكا نۇسخىسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر تەرجىمە قىلىنغان ماقالە بولسا، تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستى قوشۇپ ئەۋەتىلىشى لازىم. 3. ماقالە ئەۋەتكەندە ئاپتورنىڭ ھەقىقىي ئىسىم-فامىلىسى، خىزمەت ئورنى ۋە تەپسىلىي ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ئوچۇق، رەتلىك يېزىلىشى كېرەك. ماقالىنىڭ قانداق نامدا ئېلان قىلىنىدىغانلىقى ئاپتورنىڭ ئىختىيارى بويىچە بولىدۇ. 4. بىر ماقالىنى ئىككى جايغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ. ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر، بېسىلىش-بېسىلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئومۇمەن ئىگىسىگە قايتۇرۇلمايدۇ. ماقالە بېسىلغان ھامان قەلەم ھەققى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. 5. ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرگە ژۇرنىلىمىزنىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھوقۇقى بار، ماقالىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى خالىمىغۇچىلارنىڭ ئالدىنئالا ئەسكەرتىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

6. ماقالە مۇنۇ ئادرېسقا ئەۋەتىلسە بولىدۇ: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

北京市宣武区南横西街 103 号　中国伊斯兰教协会《中国穆斯林》维文编辑部

# ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۇر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئەسلىگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بىرمۇنچە قېرىنداشلار ۋە بەزى شىركەت، مەسچىت، ئىسلام جەمئىيىتى، ئىدارە-تەشكىلاتلار ژۇرنىلىمىزغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە بېرىپ ياكى ئىئانە بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ژۇرنالنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئاللاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئالەملىك بەرىكەت ئاتا قىلغاي، ئامىن!

## ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم شەرىپى:

1. **شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى** 1000 يۈەن
2. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ئابدۇۋاھىت ئەمەت** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000 يۈەن
3. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ئابلىز ھاجى** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 1000 يۈەن
4. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ئابلىھەكىم ئىبراھىم ھاجى**(ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 500 يۈەن
5. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **توختى راخمان** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 100 يۈەن
6. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **مۇۋەققەر مۇھتەرەم** 100 يۈەن
7. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: **ياقۇپ قادىر** 100 يۈەن
8. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن: **ئابدۇسەتتار** 100 يۈەن
9. شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىدىن: **يۈسۈپ قادىر** 100 يۈەن
10. غۇلجا شەھىرىدىن: **ئابدۇشۈكۈر ھاجىم** 1000 يۈەن
11. غۇلجا شەھىرىدىن: **ياسىنجان غوپۇر ھاجى** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 300 يۈەن
12. قەشقەر شەھىرىدىن: **زۇنۇن سابىت** 500 يۈەن
13. قەشقەر شەھىرىدىن: **ئابدۇشۈكۈر ھاجىم** 200 يۈەن
14. قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىدىن: **ئۇبۇل قاسىم تۇراخۇن** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 200 يۈەن
15. قەشقەر پەيزىۋات ناھىيىسىدىن: **زۇنۇن ئىبراھىم** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 200 يۈەن
16. قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدىن: **ئېزىز ئوسمان** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 100 يۈەن
17. قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدىن: **داۋۇت ئىمىن** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 100 يۈەن
18. قەشقەر يېڭىسار ناھىيىسىدىن: **روزى ھاجى** (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى) 100 يۈەن
19. بايىنغولىن بۇگۇر ناھىيىسىدىن: **ئەخمەتجان ئابدۇرەھىم** 200 يۈەن
20. خوتەن لوپ ناھىيىسىدىن: **ھاجى ئابدۇجاپپار ئابدۇللا** 100 يۈەن
21. تۇرپان شەھىرىدىن: **نىيازخان ھاجى خېنىم** 100 يۈەن
22. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن: **مالىك مىيان ھاجىم** 100 يۈەن
23. دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىن: **ھەبىبۇللا خوجا** 50 يۈەن
24. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىن: **لېتىپ نىياز** 50 يۈەن

ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەتسە بولىدۇ، ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق توپلاپ، يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانىنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ، ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئىئانە قىلغان پۇلنىڭ سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



باش كاتىپ تاتۇ نۇرىددىن باشچىلىقىدىكى ئاسىيا- تىنچ ئوكيان رايونى ئىسلام جەمئىيىتى دوستلۇق ۋە- كىللىرى ئۆمىكىدىكىلەر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن دوستانە سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى- نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئاب- دۇرەھىم ئىمىن لىۋىيىدە دۇنيا ئىسلام دەۋەتى جەمئى- يىتىنىڭ باش كاتىپى مۇ- ھەممەد ئەھمەد شېرىپ بى- لەن سۆھبەتتە.



ھىندونېزىيە كاسىپلار گۇرۇھى دوستلۇق ۋەكىللىرى ئۆمىكى شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنى زىيارەت قىلغاندا، جۇڭگو ئىس- لام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئىسلام ئى- نىستىتۇتىنىڭ مۇدىرى مۇ- ھەممەت سالىھ داموللا ھاجىم مېھمانلارغا ئۆزى تەرجىمە قىل- غان «قۇرئان كەرىم» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى تەقدىم قىلدى، ئۆمەك باشلىقى ئىنىستىتۇتقا سەدىقە ئاتىدى.

www.uyghurkitap.com




جوڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا جوڭگو ئىسلا
جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جوڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى




قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى
غۇلجا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئابدۇشۇكۇر ھاجىم
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭ ۋېيگوڭسۇندا تىجارەتچى): ئابدۇۋاھت ئەمەت
ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭ گەنجياكۇدا تىجارەتچى): ئابلىز ھاجى

中国穆斯林(维吾尔文版) 1996年第一期(总38期)　جوڭگو مۇسۇلمانلىرى 1996-يىل 1-سان(ئومۇمىي 38-سان)
刊号:CN11—1345/B　订价: 2.80元　باھاسى: 2.80 يۈەن　ژۇرنال نومۇرى:CN11—1345/B
公开发行　ئاشكارا تارقىتىلىدۇ